پۈتۈن كۈنلۈك ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ
5 – يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

(3 – قىسىم)

نازاكەت كامال
5-يىللىق 2-سىنىپ
3-باشلانغۇچ مەكتەپ

2006 2 18

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى بۇ بىر يۈرۈش «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىر قىسىم باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، شۇنىڭدەك نەشرىيات ۋە تىل - يېزىق خادىملىرىنى تەشكىللەپ، ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىلى» پروگراممىسىغا ئاساسەن تۈزۈلدى. بۇ قېتىم تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى تۈزۈلۈش ئۇسۇلى جەھەتتە بەزى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر مۇنچە قائىدە - قانۇنىيەتلەر قىسمەن تولۇقلاندى ۋە بۇرۇنقى دەرسلىكلەرگە قارىغاندا ئەمەلىي كۆنۈكمىلەر خېلى دەرىجىدە كۆپەيتىلدى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش ۋاقتىنىڭ بەكمۇ ئالدىراشلىقى، تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن بۇ قېتىمقى نەشرىدىمۇ بەزى كەمچىلىك - خاتالىقلار ۋە نامۇۋاپىق مەسىلىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن، بۇ دەرسلىكنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

1. پېئىل ........................................ 3
2. بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز پېئىللار .................. 7
3. پېئىلدا شەخسلەر ................................ 13
4. پېئىل زامانلىرى ................................ 19
پېئىل توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ............ 27
5. جۈملە بۆلەكلىرى ................................ 30
6. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ........................ 34
7. ئىگە .......................................... 36
8. خەۋەر .......................................... 43
9. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى .................. 50
10. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى .................... 57
11. تولدۇرغۇچى .................................... 62
12. ئېنىقلىغۇچى .................................... 67
13. ھالەت .......................................... 72
جۈملە بۆلەكلىرى توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ... 77
14. ئىسىم .......................................... 82
15. تۈپ ۋە ياسالما ئىسىملار ........................ 86
16. خاس ۋە ئومۇمىي ئىسىملار ........................ 90
17. ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى .................. 93
ئىسىم توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ............ 99

18. توپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر ........................ 103
19. سۈپەت دەرىجىلىرى .............................. 108
20. ئەسلى دەرىجە ۋە كېمەيتمە دەرىجە ............ 110
21. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ............ 114
سۈپەت توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش............ 119
22. سانلارنىڭ ئىملاسى ................................ 123
23. سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ............... 127
24. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ............... 132
25. ئالماش .............................................. 137
26. ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى ......................... 142
27. ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ............ 145
سان بىلەن ئالماش توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى
تەكرارلاش ............................................ 149

www.uyghurkitap.com


# 1. پېئىل

بىز 3 - يىللىقتا تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بىلدۈرۈپ، نېمە بولدى؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە بوپتۇ؟ . . . دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئۆگەنگەنىدۇق.

بىز يەنە تۆۋەندىكى رەسىملەرنى كۆزىتىپ، ئاستىدىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ شۇ جۈملىلەردىكى كىم ۋە نېمىلەرنىڭ قانداق ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بىلدۈرگەنلىكىگە دىققەت قىلىپ باقايلى ھەم سوئال بېرىپ كۆرەيلى.



رامىلە سۇغا سەكرەيدۇ. باللار كۆز گىمناستىكىسى ئويناۋاتىدۇ.

تۇرنىلار جەنۇبقا قاراپ <u>ئۇچتى</u>. سائادەت يەر <u>سۇپۇرۇۋاتىدۇ</u>.

دېمەك:

> **ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىنى پېئىل دەيمىز.**

مەسىلەن: تاڭ ئاتتى. قۇشلار سايرىدى. كۈن قىزىرىپ چىقتى. ئوقۇغۇچىلار شاد ـ خۇرام مەكتەپكە ماڭدى.

بۇ جۈملىلەردىكى «ئاتتى، سايرىدى، چىقتى، ماڭدى» دېگەن سۆزلەر پېئىللار بولۇپ، ئۇلار «تاڭ، قۇشلار، كۈن، ئوقۇغۇچىلار» دېگەن ئىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

> **پېئىللارغا نېمە قىلدى؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە بولدى؟ نېمە بولىدۇ؟ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىندى؟ نېمە قىلىنىدۇ؟ نېمە قىلىنىۋاتىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**مەسلەن:** ئايشەم ئۇسسۇل ئوينىدى (نېمە قىلدى؟ — ئوينىدى). ئۇكام ئەتە مەكتەپكە باردۇ (نېمە قىلىدۇ؟ — بارىدۇ). ئابلەت خەت يېزىۋاتىدۇ (نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — يېزىۋاتىدۇ). ھاۋا ئېچىلدى (نېمە بولدى؟ — ئېچىلدى). ئەتە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئېچىلىدۇ (نېمە بولىدۇ؟ — ئېچىلىدۇ). شامال بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ (نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ — كۈچىيىۋاتىدۇ) ماھىرە بۈگۈنكى چوڭ يىغىندا تەقدىرلەندى (نېمە قىلىندى؟ — تەقدىرلەندى). بۈگۈن ئوقۇش قوراللىرى تەكشۈرۈلىدۇ (نېمە قىلىنىدۇ؟ — تەكشۈرۈلىدۇ). ئۆيلەر رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ (نېمە قىلىنىۋاتىدۇ؟ — رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ).

> **پېئىللارنىڭ تومۇرى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىككىنچى بىر شەخسكە بۇيرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.**

**مەسلەن:** ياز (سەن خەتنى چىرايلىق ياز). ئوقۇ (سەن كىتاب ئوقۇ). ئىشلە (تاپشۇرۇقنى تېز ئىشلە). كەل (قاسىم، بۇ يەرگە كەل). سۆزلە (بىلىدىغانلىرىڭنى سۆزلە).

**1 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، پېئىللارنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ كىم ۋە نېمىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. قاسىم يېڭى كىتاب سېتىۋالدى. 2. بىز ئەتە چۈشتىن كېيىن سىنىپ يىغىنى ئاچىمىز. 3. مەكتىپىمىزگە يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلدى. 4. بىرىنچى گۇرۇپپا دەرستىن كېيىن تازىلىق قىلىدۇ. 5. ئۇكام بۇ يىل مەكتەپكە كىردى. 6. ئۇلار سىرتتا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرار قىلىۋاتىدۇ. 7. مەكتەپ بېغىدىكى مېۋىلەر پىشتى. 8. ئەسئەت تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بوپتۇ. 9. بىز مۇئەللىمىنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمىز. 10. بىز ئەمگەكنى سۆيىمىز. 11. ماشىنىنىڭ گۇركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**2 ـ كۆنۈكمە:** كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق پېئىللارنى قويۇڭلار ھەمدە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

كۈن ... ئەتراپ... مەن ئورنىمدىن... چېيىمنى... بوغچامنى... مەكتەپكە... مۇئەللىم سىنىپقا... مۇئەللىم ساۋاقداشلاردىن سوئال... مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا تولۇق...

**3 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار.

يازدىم، ئىشلىدۇق، باشلاندى، ئورۇندالدى، بەردى، يىغىۋالدى، كۆرىدۇ، باشلاندى، يېزىۋاتىدۇ، جاۋاب بەر، ئوقۇڭلار، كەتسۇن

**ئۈلگە:** مەن دوسكىغا خەت يازدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**4 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، سوئال بېرىپ پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ تومۇرى بىلەن قوشۇمچىلىرىنى ئايرىپ بېرىڭلار.

## ئۇچتى - ئۇچتى

چۆرىدەپ تۇرغان بالىلارنىڭ بىرى ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇ ساۋۇت ئىدى. باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسى ساۋۇتقا قارىدى.

ساۋۇت:

— ئۇچتى - ئۇچتى، قارلىغاچلار ئۇچتى! — دەپ قولىنى كۆتۈردى. باشقا بالىلارمۇ دەررۇ قوللىرىنى كۆتۈردى.

ساۋۇت:

— ئۇچتى - ئۇچتى، ياغاچلار ئۇچتى، — دەپ قولىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئەنۋەرمۇ قولىنى كۆتۈردى. باشقا بالىلار قول كۆتۈرمەي قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەنۋەر ياغاچلارنىڭ ئۇچمايدىغانلىقىنى پەملىمەي، قولىنى كۆتۈرۈپ قويغىنىغا ناھايىتى ئىزا تارتتى.

ئەنۋەر ئويۇندا يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ناخشا ئېيتىپ بەردى. ئويۇن يەنە داۋام قىلدى. ئەمدى ئەنۋەر ئوتتۇرىدا تۇرۇپ:

— ئۇچتى - ئۇچتى، قاغا ئۇچتى. ئۇچتى -

ئۆچتى، تاغ ئۆچتى. ئۆچتى - ئۆچتى، ئۆي ئۆچ-
تى. ئۆچتى - ئۆچتى، كالا ئۆچتى. ئۆچتى -
ئۆچتى، ئۆردەكلەر ئۆچتى دەپ كەينى - كەينىدىن
ئېيتىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ، باشقا باللارنى يېڭىل-
دۈرمەكچى بولدى. لېكىن باشقا باللار ئۆچىدىغان
نەرسىنى ئېيتقاندا قول كۆتۈرۈپ، ئۆچمايدىغان
نەرسىلەرنى ئۆچتى دەپ ئېيتقاندا قول كۆتۈرمەس-
لىككە تىرىشتى. ئۆچمايدىغان نەرسىگە قول كۆتۈر-
گەن بالا يېڭىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوت-
تۇرىغا چۈشۈپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ
ياكى شېئىر ئوقۇپ بېرىدۇ.

## 2. بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز پېئىللار

تۆۋەندە ئىككى قاتار بېرىلگەن پېئىللارنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە دىققەت قىلىڭلار.

| 2 ـ قاتار | 1 ـ قاتار |
|---|---|
| بارمىدىم | باردىم |
| كۆرمەيدۇ | كۆرىدۇ |
| ئوينىمايۋاتىدۇ | ئويناۋاتىدۇ |
| كەلمەڭلار | كېلىڭلار |
| يازما | ياز |
| ئىشلىمە | ئىشلە |
| كەلمىسۇن | كەلسۇن |

بەزى پېئىللار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولغانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى ۋە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرسە، بەزى پېئىللار ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولمىغانلىقىنى، بولمايدىغانلىقىنى ۋە بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقى 1 ـ قاتاردىكى پېئىللار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولغانلىقىنى، بولىدى-

غانلىقىنى ۋە بولىۋاتقانلىقىنى، 2 - قاتاردىكى پې-
ئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ بولمىغانلىقىنى، بولماي-
دىغانلىقىنى ۋە بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەل-
گەن. دېمەك، پېئىللار بۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاسا-
سەن، بولۇشلۇق پېئىل ۋە بولۇشسىز پېئىل دەپ
ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ بولغانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى ۋە بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللار بولۇشلۇق پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

**مەسلەن:** ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ئىنقىلابىي قۇرباند-
لار ھەققىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەر-
دى. ئەتە مەكتىپىمىز بويىچە «ئۇچتە ياخشى» ئو-
قۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلىدۇ. ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش تىرىشچانلىقى كۈندىن -
كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ بولمىغانلىقىنى، بولمايدىغانلىقىنى ۋە
بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللار بولۇشسىز پېئىللار دەپ ئا-
تىلىدۇ.**

**مەسلەن:** بۈگۈن ھاۋا ئېچىلمىدى. قاسىم تېخىچە كەل-
مەيۋاتىدۇ. بىز دەرسكە كېچىكمەيمىز. ئۇلار ئەتىمۇ كەل-
مەيدۇ.

بولۇشسز پېئىللار پېئىل تومۇرىغا «ما، مە» قوشۇمچىلىرى-نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسلىدۇ.

مەسلەن: ئولتۇر + ما = ئولتۇرما

كەل + مە = كەلمە

بار + ما = بارما

كۈل + مە = كۈلمە

5 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. بۇ جۈملىلەردىكى پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق پېئىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. دېھقانلار كۈزلۈك يىغىمغا قىزغىن كىرىشتى. 2. ئوقۇغۇچىلار دېھقانلارغا ياردەم بەردى. 3. پىئونېرلار ئەترىتى قىشلىق تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇردۇ. 4. ئوقۇغۇچىلار ئىلىم - پەننى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە. 5. زىرائەتلەر يىغىلىپ بولدى. 6. بىز چۈشتىن كېيىن تازىلىق قىلىمىز. 7. مەكتىپىمىز سىنىپلار ئارا كىتاب ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 8. ئەركىن بىلەن ئىككىمىز بىللە مۇزاكىرە قىلىمىز. 9. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا رەتلىك ئول-

تۇردى. 10. مەن مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا توغرا جاۋاب بەردىم.

6 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. بولۇشسىز پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. سەن ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلمىساڭ بولمايدۇ. 2. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما. 3. ساۋاقداشلار، تەشكىلسىزلىك قىلماڭلار، دەرسكە كېچىكمەڭلار. 4. يولداش غېنى، سەن يامان ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرمە، يامان ئىشلارنى قىلما. 5. بۈگۈنكى دەرسكە سىنىپىمىزدىن ھېچكىم كېچىكمىدى. 6. كۈن ئېچىلىپ كەتمىدى. 7. سەن بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتما. 8. ھاۋا تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يامغۇر ياغمىدى. 9. دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنمىدى. 10. مەن بۇ مەسىلىنى ئىشلىيەلمىدىم.

7 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار، بولۇشلۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

ئۆسمۈرلەر ئوزۇقلىنىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1 . قوشۇمچە يېمەكلىكنى كۆپ يېمەڭ. تاماق-تىن كېيىن قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېگەن-دە، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ ھەزىم قىلىش رىتىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ - دە، ئاسانلا ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ قالىسىز.

2 . تاماق تاللىماڭ. تاماق تاللىسىڭىز بەدىنى-ڭىزگە كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار يې-تىشمەيدۇ - دە، زېھنىي قابىلىيىتىڭىزنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3 . تاماقنى بەك كۆپ يېمەڭ. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ھەزىم قىلىش ئورگانلىرى تولۇق يېتىلىپ بولالمايدۇ. ئەگەر سىز ھەر ۋاقلىق تاماقنى ھەددى-دىن زىيادە يەۋالسىڭىز، ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئا-سانلا ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكىگە گى-رىپتار بولۇپ قالىسىز.

4 . تۇزلۇق تاماق يېمەڭ. ئەگەر سىز داۋام-لىق تۇزلۇق تاماقلارنى ئىستېمال قىلسىڭىز، بەدى-نىڭىزگە سۇ يىغىلىپ قېلىپ، يۈرەكنىڭ خىزمى-تى نورمالسىزلىشىپ، يۈرەك سېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇزلۇق تائاملارنى ئىستېمال قىلىش

ۋاقتى ئۇزارغانسېرى، سىزدە يۇرەك كېسەللىكى، قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش كېسەللىكى قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

8 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، بولۇشسىز پېئىللارنى بولۇشلۇق پېئىللارغا ئۆزگەرتىڭلار.

1. باغدىكى مېۋىلەر پىشمىدى. 2. ئايشەم بۈگۈن دەرسكە ئۆز ۋاقتىدا كەلمىدى. 3. مەن سىنىڭ ئۆگىنىشىڭگە ياردەم قىلمايمەن. 4. ئۇ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىز بارمىدۇق. 5. سائادەت ھەم ناخشا ئېيتالمايدۇ، ھەم ئۇسسۇل ئوينىيالمايدۇ. 6. بىز باغدا مۇزاكىرە قىلمىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3. پېئىلدا شەخسلەر

پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىپ، شۇ پېئىللاردىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخس تەرىپىدىن ئورۇندالغان ياكى ئورۇندالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

1. مەن ئوقۇۋاتىمەن. بىز ئوقۇۋاتىمىز.

2. سەن ئوقۇۋاتىسەن. سىلەر ئوقۇۋاتىسىلەر.

3. ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ.

1. جۈملىدىكى «ئوقۇ (ئوقۇۋات)» پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا «- مەن، - مىز» شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ئوقۇش ئىش - ھەرىكىتىنىڭ سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن، يەنى I شەخس تەرىپىدىن ئورۇندىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ 2 - جۈملىدە شۇ پېئىلغا « - سەن، - سىلەر» شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ئوقۇش ئىش - ھەرىكىتىنىڭ تىڭشىغۇچى تەرىپىدىن، يەنى II شەخس تەرىپىدىن ئورۇندىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ 3 -

جۈملىدە يەنە شۇ پېئىلغا «-دۇ» شەخس قوشۇمچىدىسىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ئوقۇش ئىش - ھەرىكىتىنىڭ Ⅲ شەخس تەرىپىدىن ئورۇندىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

> **پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخس تەرىپىدىن بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.**

پېئىللار ئۈچ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:**

I شەخس

مەن ئىشلىدىم. (بىرلىك)

مەن ئىشلەيمەن. (بىرلىك)

مەن ئىشلەۋاتىمەن. (بىرلىك)

بىز ئىشلىدۇق. (كۆپلۈك)

بىز ئىشلەيمىز. (كۆپلۈك)

بىز ئىشلەۋاتىمىز. (كۆپلۈك)

Ⅱ شەخس

سەن ئىشلىدىڭ. (بىرلىك)

سەن ئىشلەيسەن. (بىرلىك)

سەن ئىشلەۋاتىسەن. (بىرلىك)

سىز ئىشلىدىڭىز. (بىرلىك)

سىز ئىشلەيسىز (بىرلىك)
سىز ئىشلەۋاتىسىز. (بىرلىك)
سىلەر ئىشلىدىڭلار. (كۆپلۈك)
سىلەر ئىشلەيسىلەر. (كۆپلۈك)
سىلەر ئىشلەۋاتىسىلەر. (كۆپلۈك)

Ⅲ شەخس

ئۇ ئىشلەيدۇ. (بىرلىك)
ئۇ ئىشلەۋاتىدۇ. (بىرلىك)
ئۇ ئىشلىدى. (بىرلىك)
ئۇلار ئىشلەيدۇ. (كۆپلۈك)
ئۇلار ئىشلەۋاتىدۇ. (كۆپلۈك)
ئۇلار ئىشلىدى. (كۆپلۈك)

پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخس تەرىپىدىن بولغان ياكى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچى شەخس «مەن، بىز، سەن، سىز، سىلەر، ئۇ، ئۇلار» بەزىدە ئېنىق ئېيتىلمايدۇ، ئەمما ئۇلار پېئىللارغا ئۇلانغان شەخس قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

**مەسىلەن:**

— قاچان قايتىپ كېلىسەن؟ (سەن قاچان قايتىپ كېلىسەن؟)

— هازىرلا قايتىپ كېلىمەن. (مەن هازىرلا قايتىپ كېلىمەن.)

— يېزىپ بولدۇڭلارمۇ؟ (سىلەر يېزىپ بولدۇڭلارمۇ؟)

— يېزىپ بولدۇق، (بىز يېزىپ بولدۇق.)

— ناخشا ئېيتالامدۇ؟ (ئۇ ناخشا ئېيتالامدۇ؟)

— ناخشا ئېيتالايدۇ. (ئۇ ناخشا ئېيتالايدۇ.)

9 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ نەچچىنچى شەخستە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىز بۈگۈن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق. 2. مەن ئۇزۇنغا يۈگۈردۈم. 3. سەن بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ 4. ئۇلار ئەتە پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدۇ. 5. سىز بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىزنى تونۇمايسىز. 6. ئۇ، مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا تولۇق جاۋاب بەردى. 7. سىلەر تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئىشلەڭلار. 8. ئۇلار بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. 9. سەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىن. 10. مەن دېرىزىنى سۈرتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

10 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا بىرىنچى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ لايىقىنى ئۇلاڭلار.

1. بىز تونۇگۇن ئوقۇ... هەم ئەمگەك قىل... 2. مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، تاماقنى يەپ بولۇپ دەم ئال... دەرس تەييارلا... ۋە توپ ئوينا... 3. بىز ئەتە چۈشتىن ئاۋۋال تۆت سائەت دەرس ئۆت... چۈشتىن كېيىن مەجلىس ئاچ... 4. مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆر... 5. مەن تونۇگۇن ئالىملارنىڭ ئۆيىگە بار... 6. مەن هەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بەدەن چېنىقتۇرۇۋات... 7. بىز ئوقۇتقۇچىمىزنى هۆرمەتلە... 8. قاسىم بىلەن ئىككىمىز تونۇگۇن ئالدى بىلەن كىتابخانىغا بار...، ئۇنىڭدىن كېيىن كىنو كۆر...

11 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا تىگىشلىك شەخس قوشۇمچىلىرىنى قويۇڭلار.

سىز تونۇگۇن كىتاب ئوقۇ...  خەت ياز...
سىز تونۇگۇن كىتاب ئوقۇما...  خەت ياز...
سىلەر تونۇگۇن كىتاب ئوقۇ...  خەت ياز...
سىلەر تونۇگۇن كىتاب ئوقۇما...  خەت ياز...
بىز تونۇگۇن كىتاب ئوقۇ...  خەت ياز...

مەن تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇ. . .          خەت ياز. . .
بىز تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇما. . .          خەت يازما. . .
مەن تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇما. . .          خەت يازما. . .
سەن تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇ. . .          خەت ياز. . .
سەن تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇما. . .          خەت يازما. . .
ئۇ تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇ. . .          خەت ياز. . .
ئۇلار تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇ. . .          خەت ياز. . .
ئۇ تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇما. . .          خەت يازما. . .
ئۇلار تۈنۈگۈن كىتاب ئوقۇما. . .          خەت يازما. . .

**12 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار. ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.

ئىشلە، ئوقۇ، ياردەملەش، تەكرارلا، سۆزلە، ئورۇندا

**ئۈلگە:** تەكرارلا — مەن دەرسلەرنى تەكرارلاۋاتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 4. پېئىل زامانلىرى

بەزى پېئىللار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئورۇندالغان ياكى ئورۇندالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: يامغۇر ياغدى. يامغۇر ياغمىدى.

بەزى پېئىللار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. يامغۇر ياغمايۋاتىدۇ.

بەزى پېئىللار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: يامغۇر ياغىدۇ. يامغۇر ياغمايدۇ.

**پېئىلدا ئۈچ زامان بار: 1. ئۆتكەن زامان. 2. ھازىرقى زامان. 3. كېلىدىغان زامان.**

### 1. ئۆتكەن زامان پېئىلى

ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئۆتكەن زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** پىئونېرلار ئىلىم - پەننى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر قېتىملىق ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئەترابىدىغا ھەر خىل گۈللەرنى تېرىدى. سىنىپىمىزدىكى ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى. مەن بازارغا بارمىدىم. ئاخشام مۇرات كەچكى مۇزاكىرىگە كەلمىدى. بۇ جۈملىلەردىكى «ئۆتكۈزدى، تېرىدى، مۇكاپاتلاندى» دېگەن پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «بارمىدىم، كەلمىدى» دېگەن پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ پېئىللار ئۆتكەن زامان پېئىللىرىدۇر.

**13 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. شەنبە كۈنى ساۋاق-

دىشىم پاتىگۇل مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. مەن ئۆيىگە كىرگەندە، پاتىگۇل ساراي ئۆيدە ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە دەزمال سېلىۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ، ماڭا داستىخان راسلىدى. ئاپىسى چاي دەملەپ كىرىپ، بىزگە پىيالىدە چاي قويدى.

ئۆي ئىچى جىمجىت ۋە ئازادە ئىدى. بىز چاي ئىچىپ بولۇپ، دەرسلىرىمىزنى تەكرار قىلدۇق.

**14 - كۆنۈكمە:** «ئال، كەل، ئوقۇ» دېگەن پېئىللارنى ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرى بويىچە ئۆتكەن زاماندا تۈرلەڭلار.

### 2. ھازىرقى زامان پېئىلى

> **ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ھازىرقى زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**مەسىلەن:** ئەكرەمنىڭ ئۆگىنىشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ئەركىن خەنزۇچىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. قۇشلار سايراۋاتىدۇ. يالقۇن تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ. ئالىيە خەت يازمايۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ئۆگىنىۋاتىدۇ، سايراۋاتىدۇ» دېگەن پېئىللار ئىش-

ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ «كەلمەيۋاتىدۇ، يازمايۋا-
تىدۇ» دېگەن پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلى-
نىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ. بۇ پېئىللار ھازىرقى زامان پېئىلى دېيىلى-
دۇ.

**15 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ھازىر-
قى زامان پېئىللىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. مىجىت گېزىت ئوقۇۋاتىدۇ. 2. ئوقۇغۇ-
چىلار دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتىدۇ. 3. دىلنۇر خاتى-
رە يېزىۋاتىدۇ. 4. قار يېغىۋاتىدۇ. 5. بىر گۇ-
رۇپپا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مەيدانىنى تازىلاۋاتىدۇ.
6. ئۇ بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. 7. بىز تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تى-
رىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز. 8. سىلەر ھازىر نېمە
ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ 9. مەن سىڭلىمغا خەت ئۆ-
گىتىۋاتىمەن. 10. ئاسىيە كىتابنى ئوقۇمايۋاتىدۇ.
11. مەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايۋاتىمەن.

**16 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۈرەتلەرگە قاراپ بىردىن
جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ جۈملىلەردە ھازىرقى زامان پېئىلى
بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3. كېلىدىغان زامان پېئىلى

> ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغانلىقىنى ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار كېلىدىغان زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: بىز ئەتە قار تازىلاشقا چىقىمىز. يېقىندا مەكتىپىمىزدە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۈگۈن كەچ كىنوغا كىرىمىز. مەن ئەتىكى مۇسابىقىگە قاتنىشالمايمەن. ئۇلار ھازىر ماڭمايدۇ. يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «چىقىمىز، ئۆتكۈزۈلىدۇ، كىرىمىز» دېگەن پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغانلىقىنى

بىلدۈرىدۇ؛ «قاتنىشالمايمەن، ماڭمايدۇ» دېگەن پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ «قاتنىشالمايمەن، ماڭمايدۇ» دېگەن پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ پېئىللار كېلىدىغان زامان پېئىللىرىدۇر.

**پېئىلنىڭ تومۇرى كېلىدىغان زامان مەنىسىدە ئىپتىلىدۇ.**

**مەسىلەن:** ياز — سەن خەت ياز.

ئوقۇ — سەن كىتاب ئوقۇ.

ئىشلە — تۇرسۇن، تاپشۇرۇق ئىشلە.

**17 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. باھار كەلگەندە، دەرەخلەر بىخ چىقىرىدۇ.
2. ئەركىن، سەن ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىن، ئاندىن ئىككىمىز ئادىلنىڭ قېشىغا بارايلى.
3. ھازىر تازىلىق قىلىمىز، بىرىنچى گۇرۇپپا مەيدان تازىلايدۇ، ئىككىنچى گۇرۇپپا ئىشىك - دېرىزە ۋە پارتىلارنى سۈرتىدۇ، ئۈچىنچى گۇرۇپپا دەرسخانىنى تازىلايدۇ. 4. قاسىم كىتابخانىغا بارىدىكەن، بىزمۇ بىللە بارايلى. 5. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىنىپ يىغىنى ئېچىلىدۇ، يىغىندا سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئەھدىنامىسىنى

مـۇزاكىرە قىلىمىز.

**18 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

. . . . . . . . . . . . . .

تاقىتىم تاق، مېنىڭمۇ دوستۇم،
(ئۆگىنىشىم پۈتۈش ئالدىدا).
مەن بارىمەن ئىشەنگىن چوقۇم،
يىراق ئەمەس يېقىن ئارىدا.
مەن يېزامنىڭ يېشىل قوينىغا
پولات ئاتنى ئېلىپ بارىمەن.
تەڭكەش قىلىپ يېڭى يېزامغا،
يېڭى سازنى چېلىپ بارىمەن.
ۋاھ. . . شۇ چاغدا ئۇمىدگە چۆمۈپ،
قىزىتىمىز تازا چېلىشنى.
ئاندىن كۆرۈڭ زوقلارغا تولۇپ،
تاغدەك ـ تاغدەك ھوسۇل ئېلىشنى.

**19 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ ھەربىرى بىلەن بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار. بۇ پېئىللار جۈملىلەردە كېلىدىغان زامان پېئىلى بولسۇن.

سورا، ئال، بار، ئىشلە، ھارما

**20 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ھازىرقى زامان پېئىلىنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق، كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ئاستىغا ئۈچ سىزىق سىزىڭلار.

## باھار كەلدى

قىش ئۆتۈپ كەتتى، ئىللىق شامال ئاستا ـ ئاستا باھارنى ئېلىپ كەلدى.

يەرنىڭ توڭى ئېرىدى. ئوت ـ چۆپلەر ئۈنۈپ چىقتى. بۇغداي مايسىلىرى يوغىناپ، يۇمران يوپۇرماق چىقاردى.

ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە، ھەتتا بىرەر پارچە نېپىز مۇزمۇ كۆرۈنمەيدۇ. سۇ شۇنچىلىك سۈزۈككى، بىر قاراشتىلا سۇنىڭ ئاستىدىكى ھەممە نەرسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىللىق شامال كېلىش بىلەن سۇ يۈزىدە بېلىق قاسىراقىدەك دولقۇنلار جىمىرلىشىپ كەتتى. بىر نەچچە ئۆردەك سۇغا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئۇيان ـ بۇيان ئۈزۈپ ئوينىدى.

دەريا قىرغىقىدىكى تاللار بىخ سۇرۇپ، يۇمران تاللار ئىللىق شامالغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا لىڭشىماقتا، بىر پاقا ئۈزۈسىدىن چىقىپ، دەريا بويىدا ئاستا ـ ئاستا ئۆمىلىمەكتە.

باھار كەلدى. ئۇ سىنىپقا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش، ناخشا ئېيتىشىنى تىڭشىماقتا. ئۇ يەنە تەنتەربىيە مەيدانىغا كېلىپ، خۇشال ھالدا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوينايدۇ. باللار بىلەن بىللە ئۆيلىرىگە بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# پېئىل توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

**21 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ماقالىلارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى (يېڭەر). 2. ئادەمنىڭ تېشىغا باقما، ئىچىگە باق. 3. ئاۋۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە. 4. ئەخمەق ئۆزىنى ماختايدۇ. 5. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما. 6. ئادەم قولى چۆلنى بوستان قىلار. 7. غەيرەتلىك ئەردىن تاغ قېچىپ قۇتۇلالماس. 8. شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىماس.

**22 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بولۇشلۇق پېئىللارنى بولۇشسىز پېئىللارغا ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار.

كۈت، ئال، كۆرسەت، ياز، ئىشلە، ئۆگەت، ئۇخلا، كەتسۇن، سۆزلە، بارسۇن، ئوينىسۇن

**23 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. بولۇشلۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

**ئىشلە**

غەيرەت بىلەن ئەمگەك قىل،
تاڭ تۇرۇپ ئىشلىگىن هارما.

جۇرئەت قىل، قاچما ئەمگەكتىن،
تىرىشچانلار ئىشلىگىن تالما.

**24 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. پېئىللارنىڭ قايسى شەخستە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىز بۈگۈن سەيلىگە چىقتۇق. 2. مەن چىرايلىق كەشتە تىكتىم. 3. سەن كىتابخانىغا باردىڭمۇ؟ 4. سىلەر بۈگۈن ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزەمسىلەر؟ 5. ئۇلار كىنوغا باردى. 6. ئوقۇغۇچىلار بۈگۈن چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزدى. 7. بۇ گەپنى ماڭا ئېيتمىدىڭ. 8. ماڭا قىلغان ياردىمىڭگە رەھمەت ئېيتىمەن. 9. بازارغا بارامسەن؟

**25 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارغا I شەخسنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى ئۇلاڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىشلە، ئوقۇ، ياردەملەش، ئورۇندا، سۆزلە

**26 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، پېئىللارنىڭ قايسى زاماندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى باشلاندى. 2. ئوقۇغۇچىلار ھەر خىل نومۇرلارنى تەييارلىدى. 3. مەن تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىمەن. 4. ئەتە تاللانغان نومۇرلار ئېلان قىلىنىدۇ. 5. بىز بايراملىق تام گېزىتى ئىشلەۋاتىمىز. 6. يۇقىرى يىللىق سى-

www.uyghurkitap.com

ىنپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كوچا تازىلىقىغا چىقىدۇ. 7. مەن ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنى يادلىۋالدىم. 8. ئارزۇگۈل هازىرلا قايتىپ كېلىدۇ. 9. ئۇ هازىرلا قايتىپ كەلدى. 10. مەن هازىر بارىمەن.

27 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تەلەپ بويىچە تولدۇرۇڭلار.

| پېئىللار | قايسى شەخستە، بىرلىكمۇ، كۆپلۈكمۇ؟ | قايسى زاماندا؟ | بولۇشلۇقمۇ، بولۇشسىزمۇ؟ |
|---|---|---|---|
| ئۆلگە: بارمايمەن | I شەخس، بىرلىك | كەلگۈسى زامان | بولۇشسىز |
| ئىشلەۋاتىسلەر | | | |
| كۆردۇق | | | |
| ئۆگىنىۋاتىدۇ | | | |
| قايتىپ كېلىڭ | | | |
| بارمىدىڭىز | | | |
| ئوقىمايتىمەن | | | |
| كەلمەپتۇ | | | |
| يېزىڭلار | | | |
| ئوقۇۋاتىمىز | | | |
| ئاڭلاۋاتىسلەر | | | |

## 5. جۇملە بۆلەكلىرى

جۇملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئايرىم سۆزلەر ۋە سۆزلەر بىرىكمىسى بەلگىلىك بىر جۇملە بۆلىكى خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. دېمەك، جۇملە بۆلەكلىرى يەككە سۆزلەردىنمۇ ۋە سۆزلەر بىرىكمىسىدىنمۇ تۈزۈلىدۇ. جۇملىنىڭ ھەربىر بۆلىكى بەلگىلىك بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

مەسلەن:

1. بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى سۈزۈك.

2. ئۇكام كارىۋاتتا ئۇخلاپ قالدى.

بىرىنچى جۇملىدە تۆت سۆز بار. بۇ تۆت سۆز-نىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا بىردىن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن ھەم ھەر خىل ۋەزىپىلەردە كەلگەن.

قايسى قۇدۇقنىڭ؟ — بۇ قۇدۇقنىڭ (بۇ — قۇدۇقنى ئېنىقلاپ كەلگەن). قەيەرنىڭ سۈيى؟ — قۇدۇقنىڭ سۈيى (قۇدۇقنىڭ — سۇنى ئېنىقلاپ كەلگەن). نېمىسى سۈزۈك؟ — سۈيى سۈزۈك (سۈيى — ئىگە). سۈيى قانداق؟ — سۈيى سۈزۈك (سۈزۈك — خەۋەر).

ئىككىنچى جۇملىدىمۇ تۆت سۆز بار. ئالدىنقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى سۆز بىردىن سوئالغا جاۋاب بولۇپ ئايرىم-ئايرىم ۋەزىپە ئۆتىگەن. كېيىنكى ئىككى سۆز بىردىكىپ بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ، بىرلا ۋەزىپە ئۆتىگەن.

كىم ئۇخلاپ قالدى؟ — ئۇكام ئۇخلاپ قالدى (ئۇكام — ئىگە). قەيەردە ئۇخلاپ قالدى؟ — كارىۋاتتا ئۇخلاپ قالدى (كارىۋاتتا — ئىش - ھەردىكەتنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ كەلگەن). ئۇكام نېمە بولدى؟ — ئۇكام ئۇخلاپ قالدى (ئۇخلاپ قالدى — خەۋەر).

دېمەك:

> مۇستەقىل مەنىگە ئىگە، ئايرىم سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆز ۋە سۆزلەر بىرىكمىسى جۈملە بۆلىكى دېيىلىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1. باش بۆلەكلەر: ئىگە بىلەن خەۋەر.

2. ئەگەشمە بۆلەكلەر: ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ھالەت.

28 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، جۈملە بۆلەكلىرىنى سوئال قويۇش ئارقىلىق ئېنىقلاڭلار.

1. ئۇلار ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن كەپتۇ. 2. ئەكبەر بىلەن سادىق — ياخشى دوست. 3. كىتاب — مېنىڭ دوستۇم. 4. ئەخمەتجان قاسىمى — ئۇچ

ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى. 5. ئۇكام پىئونېر بولدى. 6. مەن ئاپامغا ياردەملەشتىم.

29- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ھەربىر بۆلەكنىڭ ئاستىغا ئايرىم - ئايرىم سىزىڭلار.

1. مەن ئۇكامغا خەت ئۆگەتتىم. 2. مېۋىلەر پىشىپ بولدى. 3. دېھقانلار ئۆستەڭ چېپىش ئەمگىكىگە قاتناشتى. 4. بىز — ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۇمىدلىرى. 5. ۋاقىت توشاي دەپ قالدى. 6. پەررۇخ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. 7. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولدۇم. 8. كىتاب ئوقۇش — ياخشى ئادەت.

## 6. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق بۆلەك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. قاسىم كەلدى.
2. مەجلىس باشلاندى.
3. ئوقۇغۇچىلار خەت يېزىۋاتىدۇ.
4. مېنىڭ ئاكام ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.
5. بىز مەكتەپ زالىدا كىنو كۆردۇق.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر شۇ جۈملىلەرنىڭ باش بۆلەكلىرىدۇر. بىرىنچى جۈملە بىلەن ئىككىنچى جۈملە پەقەت باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن. قالغان جۈملىلەر باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن.

دېمەك، ئەگەشمە بۆلەكسىز جۈملە تۈزۈش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن باش بۆلەكسىز جۈملە تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى دېيىلىدۇ.

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكىدۇر. ئۇلار جۈملە تۈزۈشتە جۈملىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. باش بۆلەكلەرسىز جۈملە تۈزۈشكە بولمايدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار كەلدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلدى.

يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلدى.

يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە تولۇق كەلدى.

بىرىنچى يىللىققا قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپكە تولۇق كەلدى.

بۇ جۈملىلەردىكى «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن ئىگە بىلەن «كەلدى» دېگەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى بولۇپ، ھەممىلا جۈملىدە بار.

**30 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنى تېپىڭلار.

1. زىرائەتلەر پىشتى. 2. دېھقانلار ئېتىزدا ئىشلەۋاتىدۇ. 3. مېنىڭ دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. 4. ئوقۇتقۇچىمىز بىزدىن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. 5. بىز ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيمىز. 6. شامال چىقتى. 7. قار يېغىۋاتىدۇ.

8. قار لەپىلدەپ يېغىۋاتىدۇ. 9. بىز مۇئەللىم-
نىڭ سوئالىغا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرد-
ىمىز. 10. سەلىمەنىڭ ھەدىسىدىن خەت كەپتۇ.

**31 ـ كۆنۈكمە:** ئۆزۈڭلار ئويلاپ بەش جۈملە تۈزۈڭلار، باش بۆلەكلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

## 7 . ئىگە

جۈملىلەر ئادەم ياكى نەرسىلەر توغرۇلۇق ئېيتىلىدۇ. بەزى جۈملىلەر ئادەملەر توغرۇلۇق ئېيتىلسا، بەزى جۈملىلەر نەرسىلەر توغرۇلۇق ئېيتىلىدۇ.

تۆۋەندىكى رەسىملەرنى كۆزىتىڭلار، ئاندىن ئاستىغا بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى رەسىم مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىڭلار.



گۈلشەن دوپپا تىكىۋاتىدۇ.



قار يېغىۋاتىدۇ.

جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرۇلۇق ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بۆلىكى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.
ئىگىگە كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ نېمىسى؟ نەچچىسى؟ قانچىسى؟ قەيەر؟ دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار (كىملەر؟) مەكتەپكە ماڭدى. قادىر (كىم؟) مەكتەپكە ئەتىگەن كەلدى. كىتاب (نېمە؟) مېنىڭ دوستۇم. تاشيولدا ماشىنىلار (نېمىلەر؟) توختىماي مېڭىپ تۇرىدۇ. ياسىنىنىڭ دادىسى (نېمىسى؟) بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بەردى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىككىسى (نەچچىسى؟) مۇكاپاتلاندى. ئۈرۈمچى (قەيەر؟) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى.

جۈملىدە ئىگە بولىدىغان سۆزلەرگە كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانمايدۇ. ئۇلار پەقەت باش كېلىشتە كېلىدۇ.

مەسىلەن: ھاۋا ئېچىلدى. دەرس باشلاندى. خالمۇرات كەلدى. ۋاقىت توشتى. ئاسىيە ناخشا ئېيتتى.

ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك (شەخس قوشۇمچىلىرى) ھەم كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرمۇ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ.

مەسلەن: مېنىڭ — ئاپام ئوقۇتقۇچى. يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىدى. دادىڭىز سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. ئابلىزنىڭ خېتى چىرايلىق. دەپتەرلەر تارقىتىپ بېرىلدى.

32 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارغا قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلانغان ـ ئۇلانمىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. قىش كەلدى. 2. كۆنلەر قىسقاردى. 3. ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى. 4. يەرلەر توڭلاشقا باشلىدى. 5. دېھقانلار قىشلىق ئوغۇت يىغىشقا كىرىشتى. 6. 5 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمگەك قىلدى. 7. قاھارنىڭ ئاكىسى ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ. 8. ئۇكام خەتنى چىرايلىق يازىدۇ. 9. مۇختار — سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى. 10. قەشقەر — قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر. 11. سوئالنىڭ ئىككىنچىسى بەك تەس ئىكەن.

33 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئىگىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئاللارنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى يېزىپ كۆرسىتىڭلار.

1. بىزنىڭ مەكتىپىمىز ئىنتايىن گۈزەل. 2. مەكتەپ ئەتراپىغا تىكىلگەن قاتار ـ قاتار دەرەخلەر ئەتراپقا سايە چۈشۈرۈپ، مەيىن شامالدا سىزگە

سالام بەرگەندەك لىنگشىپ تۇرىدۇ. 3. رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۇللەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۇرىدۇ. 4. سىنىپىمىز يورۇق، كەڭ ۋە ئازادە. 5. ئوقۇغۇچىلار سىنىپلاردا دەرسلەرنى كۆڭۈللۈك ئوقۇيدۇ. 6. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ساۋاقداشلار ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. 7. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە ئىنتايىن كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان. 8. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ.

**34 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئىگىلىك ياكى كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ جۈملە تۈزۈڭلار. تۈزگەن جۈملىلىرىڭلاردا شۇ ئىسىملار ئىگە بولسۇن.

يېزا، كىتاب، باغ، بالا، دەريا، ئورغاق، شەھەر

**ئۈلگە:** بىزنىڭ يېزىمىز يىلدىن ـ يىلغا گۈللەنمەكتە.

> **ئىگە ئاساسەن، جۈملىنىڭ بېشىدا ھەم ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. شېئىرلاردا بولسا، جۈملىنىڭ ئاخىرىدىمۇ كېلىدۇ.**

مەسلەن: ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ. (جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن.) باغدىكى مېۋىلەر پىشاي دەپ قالدى (جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن). بىزنىڭ ئۆيگە ئىككى كىشى كەلدى. (جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن).

ئەمگەك قىلغان ئادەمنىڭ

يورۇق ئىكەن يۈزلىرى (جۈملە ئاخىرىدا كەلگەن).

ئەل كۆڭلىگە ياقىدۇ،

قىلغان ھەممە سۆزلىرى (جۈملە ئاخىرىدا كەلگەن).

**جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سۆز تۈركۈملىرى ئىسىم بىلەن ئالماشلاردۇر.**

**مەسىلەن:** قويلار يايلاقتا ئوتلاۋاتىدۇ (ئىگە — قويلار، ئىسىم). ئوقۇتقۇچىمىز دەرسنى ياخشى چۈشەندۈرىدۇ (ئىگە — ئوقۇتقۇچىمىز، ئىسىم). مېۋىلەر پىشتى (ئىگە — مېۋىلەر، ئىسىم). مېنىڭ دادام — دېھقان (ئىگە — دادام، ئىسىم). مەن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن (ئىگە — مەن، ئالماش). سىلەر چاپسانراق قايتىپ كېلىڭلار (ئىگە — سىلەر ئالماش). بۇ خەۋەرنى ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ (ئىگە — ھېچكىم، ئالماش).

**ئىسىم ۋە ئالماشلاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ جۈملىدە ئىسىم ۋەزىپىسىدە كېلىپ ئىگە بولىدۇ.**

**مەسىلەن:** كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى لازىم (ئىگە — كىچىكلەر، سۈپەت). بۇ گۈلنىڭ قىزىلى چىرايلىقكەن (ئىگە — قىزىلى، سۈپەت). ئۈلاردىن بەشى كەلدى (ئىگە — بەشى، سان).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئـۇچەيلەن بىللە مـۇزاكىرە قىلايلى (ئىگە — ئۇچەيلەن، سان). ئىشلىگەن چىشلەيدۇ (ئىگە — ئىشلىگەن، پېئىل). يۇگۇرۇش — تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى. — (ئىگە يۇگۇرۇش، پېئىل). بۇ نەرسىلەرنىڭ جىقى ساڭا قالدى (ئىگە — جىقى، رەۋىش).

ئەسكەرتىش: جۈملىدە كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىلا شۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى بولىۋەرمەيدۇ. شۇڭا ئىگىگە سوئال بەرگەندە، خەۋەرگە قوشۇپ بېرىش لازىم. مەسىلەن، دېھقانلار تېرىغان زىرائەتلەر تازىمۇ ئوخشاپتۇ، دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسىنى تېپىشتا، «نېمىلەر ئوخشاپتۇ؟» دەپ سوئال بەرگەندە «زىرائەتلەر ئوخشاپتۇ» دېگەن جاۋاب ئارقىلىق، بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسىنىڭ «زىرائەتلەر» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

**35 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىگىلىرىنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئادىل تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلەپ بولدى. 2. بىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىمىز. 3. مەكتىپىمىزنىڭ بىناسى يېڭىدىن سېلىندى. 4. ئۇلار بىز بىلەن

مۇسابىقە ئۆتكۈزىدىكەن. 5. چوڭلار ئارقىغا تىزد-لىڭلار. 6. سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككىسى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە، ئۈچى ئېگىز سەكرەش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 7. سەن بۇ خە-ۋەرنى ئالىمغا يەتكۈزۈپ قوي. 8. ياخشى — ئىشى بىلەن ياخشى. 9. ئاۋۇ — بىزنىڭ مەكتەپ. 10. ئۇن — بەشكە بۆلۈنىدۇ.

**36 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ-لار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىگە-لەرنى قويۇڭلار.

1. . . . مۆرەۋاتىدۇ. 2. پۈتۈن دا-لىنى . . . قاپلىدى. 3. . . . يەر سۈغىرىۋاتى-دۇ. 4. . . . مەكتەپ مەيدانىدا توپ ئويناۋاتى-دۇ. 5. . . . بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتى. 6. مېنىڭ . . . بار. 7. . . . ناخشا ئېيتىۋاتى-دۇ. 8. . . . جەنۇبقا قاراپ ئۇچتى. 9. . . . ئەتە كۆچەت تىكىمىز. 10. يالقۇن، بۇ خەت-نى . . . يازغانمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 8. خەۋەر

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلـ
غان سۆزلەرنىڭ ئۇ جۈملىلەردە نېمىنى بىلدۈرۈپ
كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. گۈلنار كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ.
2. ئەركىن كۆچەتلەرگە سۇ قۇيۇۋاتىدۇ.
3. مېنىڭ قولياغلىقىم پاكىز.
4. قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە.

خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولۇپ، ئۇ
جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ۋە قانداق
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقى 1 - جۈملىدىكى
«ئوقۇۋاتىدۇ» دېگەن سۆز گۈلنارنىڭ ئىش - ھەرىـ
كىتىنى، 2 - جۈملىدىكى «قۇيۇۋاتىدۇ» دېگەن
سۆز ئەركىننىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى، 3 - جۈملىـ
دىكى «پاكىز» دېگەن سۆز قولياغلىقنىڭ سۈپىتىـ
نى، 4 - جۈملىدىكى «لەپىلدىمەكتە» دېگەن سۆز
قىزىل بايراقنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

دېمەك، ئۇ سۆزلەر شۇ جۈملىلەردىكى ئىگىـ
لەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى، سۈپىتىنى، ھالىتىنى

بىلدۈرۈپ، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن.

**جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى، سۈپىتىنى، ھالىتىنى، قانچە ۋە كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بۆلەك خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

**خەۋەرگە نېمە قىلدى؟ نېمە بولدى؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە بوپتۇ؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلماقچى؟ قانداق بولدى؟ قانچە؟ قانداق؟ كىم؟ نېمە؟ نېمىسى؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئەكرەم خەت يېزىۋاتىدۇ (نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — يېزىۋاتىدۇ). سۇ تۆكۈلۈپ كەتتى (نېمە بولدى؟ — تۆكۈلۈپ كەتتى). ئەركىن ئاغرىپ قاپتۇ (نېمە بوپتۇ؟ — ئاغرىپ قاپتۇ). رەيھانگۈلنىڭ جاۋابى توغرا (قانداق؟ — توغرا). بۇ — ئەركىننىڭ ساۋاقدىشى (نېمىسى؟ — ساۋاقدىشى). تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك (قانداق؟ — كۆڭۈللۈك). بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئون ئىككى (قانچە؟ — ئون ئىككى).

**37 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، خەۋەرلەرنى تېپىڭلار ھەم ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار.

1. ھاۋا ئېچىلدى. 2. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ بېغىدا ئەمگەك قىلدى. 3. ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ئۆز بالىلىرىدەك كۆيۈنىدۇ. 4. ماھىرە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتىدۇ. 5. بۇ — قاسىمنىڭ دەپتىرى. 6. ئازادەمنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى. 7.

بىزنىڭ ئۆيىنىڭ نومۇرى توققۇز. 8. بۈگۈن ھاۋا سوغۇق. 9. بۇ — مېنىڭ ئۇكام. 10. شامال چىقىۋاتىدۇ.

38 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى خەۋەر قىلىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

بار، ئىشلە، كۆپ، ئون بەش، چىرايلىق، ئوقۇغۇچى، مەكتەپ، كىچىك

> خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى، ئاساسەن مۇقىم. خەۋەر ئادەتتە، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. شېئىرلاردا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەم بېشىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن: مەن دوستلىرىم بىلەن بىللە كىنو كۆردۈم. مومام ماڭا نۇرغۇن قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەردى. بىز پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇق.

قوغدايمەن ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىمنى،
قوغدايمەن خەلقىمنى، بەختىمنى مەن.
پۈركەشچۈن قىزىل نۇرغا كەڭ جاھاننى،
ئاتايمەن ھاياتىمنى، قەلبىمنى مەن.

39 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. خەۋەرلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

. . . . . . . . . . .
كەچتە ئۆيگە قايتقاندا،

ئېتىزلارغا بارىمىز.
بىزنى كۈتۈپ مەرىگەن،
قويلارغا ئوت سالىمىز.

ئېپ كەلگىلى پادىنى،
بارىمىز ھەم جاڭگالغا.
ئاندىن ئارام ئالىمىز،
سولاپ بولۇپ قوتانغا.

ئىشىمىزدىن رازى بوپ،
قۇچاقلايدۇ ئانىلار.
جانغا ئارام ئوغلۇم دەپ،
ماختىشىدۇ دادىلار.

كەچلىك تاماق يەپ بولۇپ،
چۈشىمىز بىز تەكرارغا.
جاۋاب تېپىپ ئەتىكى،
سورايدىغان سوئالغا.

بىز سەھرادا تۇغۇلدۇق،
قۇچاقلاپ كەڭ دالىنى.
بىزنىڭ تۇرمۇش ئاشۇنداق،
ئۈستۈرىدۇ بالىنى.

جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئاساسەن پېئىللاردۇر. پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن ئاپامغا ياردەملەشتىم (خەۋەر — ياردەملەشتىم، پېئىل). بۇ — مېنىڭ قەلىمىم (خەۋەر — قەلىمىم، ئىسىم). بىزنىڭ ۋەتىنىمىز گۈزەل (خەۋەر — گۈزەل، سۈپەت). بۇ ماقالىنى يازغان — بىز (خەۋەر — بىز، ئالماش). ئۇ ئۆگىنىشتە سىنىپ بويىچە بىرىنچى (خەۋەر — بىرىنچى، سان).

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق (—) قويۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: مەن — ئوقۇغۇچى. دادام — ئىشچى. بۇ — كىتاب. ئاۋۇ كۆرۈنگەن — بىزنىڭ مەكتەپ.

40 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، خەۋەرلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز. 2. ئامىنە ئۆگىنىشتە تىرىشچان. 3. بۈگۈنكى سىنىپ نۆۋەتچىسى — سەن. 4. بىز — كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى. 5. ئەركىن —

سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى. 6. سىنىپىمىزدىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار يىگىرمە بەش. 7. قاسىمنىڭ بويى مېنىڭدىن ئېگىز. 8. بۇ — ھامۇتنىڭ كىتابى. 9. بىز بۈگۈن سىنىپلار ئارا كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزىمىز. 10. بىزنىڭ مەكتەپ ئاۋۇ.

**41 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئىگىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

مەن ئازادلىق ئارمىيىنى ئىزدەپ، شىمال تەرەپكە مېڭىۋەردىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئوق ئاۋازى يېقىنلاشتى. شىمال تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقلار بېشىمدىن ۋىژ - ۋىژ ئۆتۈپ، تاشلارغا پاس - پاس تېگەتتى. كۆن ئولتۇردى. مىلتىقلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوچقۇنلار ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆرۈنەتتى. ئاھ، مېھرىبان كىشىلىرىم ئازادلىق ئارمىيە يېقىنلا يەردە ئىكەن - دە! شىمال تەرەپتىن ھۇررا سادالىرى ئاڭلاندى. تاغ ئېتىكىدىكى دۈشمەنلەر بىتچىت بولدى. بۇ كۈتۈلمىگەن جەڭ ۋە كۈتۈلمىگەن غەلىبە مېنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. مەن سۆيۈملۈك كىشىلىرىم ئازادلىق ئارمىيىنى ئاخىر تاپ.

**4 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ.

لار. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا (—) قويۇڭلار.
1. ئەركىن ـ ئوقۇغۇچى. 2. دادام ـ ئىشچى. 3. ئاۋۇ ـ بىزنىڭ ئۆي. 4. بۇ ـ كىتاب. 5. بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىز ئالىمجان. 6. ئاۋۇ ـ كېلىۋاتقانلار ئوقۇغۇچىلار. 7. ناخشا ئېيتىۋاتقان مېنىڭ ئۇكام. 8. بۇ رەسىمنى سىزغان ـ ئادىل. 9. ماھىرە ـ ئىتتىپاق ئەزاسى. 10. بۇ ـ قەلەم.

## 9. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ماسلىشىشى

جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ۋە سان جەھەتتىن بىر - بىرىگە زىچ ماسلىشىپ كېلىدۇ. ئىگە قايسى شەخس ۋە قانداقساندا كەلسە، خەۋەرمۇ ئىگىگە ماسلىشىپ شۇ شەخس ۋە شۇنداق ساندا كېلىدۇ.

مەسىلەن:

1. مەن تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيمەن.
2. بىز تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيمىز.
3. سىز توغرا جاۋاب بەردىڭىز.
4. سىلەر توغرا جاۋاب بەردىڭلار.
5. ئۇ رەسىم سىزىۋاتىدۇ.

بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «مەن» بىرىنچى شەخس بىرلىكساندا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خەۋەر «ئوقۇيمەن» مۇ بىرىنچى شەخس بىرلىك ساندا كەلگەن. ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «بىز» بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ساندا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خەۋەر «ئوقۇيمىز» مۇ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ساندا كەلگەن. ئۈچىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «سىز» ئىككىنچى شەخس بىرلىك ساندا كەلگەنلى-

www.uyghurkitap.com

كى ئۈچۈن خەۋەر «بەردىڭىز» مۇ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ساندا كەلگەن. تۆتىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «سىلەر» ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ساندا كەلگەنلىكى ئۈچۈن خەۋەر «بەردىڭلار» مۇ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ساندا كەلگەن. بەشىنچى جۈملىدىكى ئىگە «ئۇ» ئۈچىنچى شەخستە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خەۋەر «سىزىۋاتىدۇ» مۇ ئۈچىنچى شەخستە كەلگەن.

**ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ جۈملىدە شەخس ۋە سان جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كېلىشى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**ئىگە بىرلىك ساندا كەلسە، خەۋەرمۇ بىرلىك ساندا كېلىدۇ. ئەگەر ئىگە كۆپلۈك ساندا كەلسە، خەۋەرمۇ كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ.**

**مەسلەن:** مەن مەكتەپكە بارىمەن. بىز مەكتەپكە بارىمىز. سەن مەكتەپكە بارىسەن. سىلەر مەكتەپكە بارىسىلەر. ئۇ مەكتەپكە بارىدۇ. ئۇلار مەكتەپكە بارىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئۈچىنچى شەخستە كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك ساندا كەلگەنلىكى شۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى

ئارقىلىق بىلىنىدۇ.

43 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. جۈملىلەردىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ قانداق ساندا باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىز كۆچەت تىكتۇق. 2. سىلەر قاچان قايتىسىلەر؟ 3. مەن قادىرنى كوچىدا ئۇچراتتىم. 4. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماگىزىنغا باردىم. 5. ئۇلار مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ. 6. سەن ماڭا ياردەم قىلغىن. 7. ئادىل بىلەن ئىككىڭلار سىنىپ تازىلاڭلار. 8. بىز ئانىمەنى يوقلاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا باردۇق.

**ئەگەر ئىگە بىرىنچى شەخستە كەلسە، خەۋەرمۇ شۇنىڭغا ماسلىشىپ بىرىنچى شەخستە كېلىدۇ.**

**مەسلەن:** مەن خەت يازدىم. بىز خەت يازدۇق. مەن ئەتە بازارغا بارمايمەن. بىز ئەتە بازارغا بارمايمىز. مەن دەرس مۇزاكىرە قىلىۋاتىمەن. بىز دەرس مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز. مەن مۇختەر بىلەن ئوينىدىم. مۇختەر بىلەن ئىككىمىز ئوينىدۇق.

44 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئوقۇڭلار.

1. مەن يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇر... 2. بىز

يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇر... . 3 . مەن خەلق ئۈچۈن ئىشلە... . 4 . بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلە... . 5 . قاسىم مېنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بار... . 6 . قاسىم بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بار... . 7 . مەن بۇنداق كىتابنى كۆرمەي... . 8 . بىز بۇنداق كىتابنى كۆرمەي... . 9 . مەن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋات... . 10 . بىز ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋات... .

**45 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان ئىگىلەرنىڭ ئورنىغا «مەن» دېگەن ئالماشنى قويۇپ، جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. خەۋەرنىڭ قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

ئۆمەر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. 2 . بىز تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدۇق. رامىلە مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ. 4 . گۈلنۇر پارتىلارنى سۈرتۈۋاتىدۇ. 5 . سەن ئۇلارنىڭ مۇئەللىمىنى تونۇيسەن. 6 . ئوقۇغۇچىلار توپ ئويناۋاتىدۇ.

**ئەگەر جۈملىدە ئىگە ئىككىنچى شەخستە كەلسە، خەۋەرمۇ ئىگىگە ماسلىشىپ ئىككىنچى شەخستە كېلىدۇ.**

**مەسىلەن:** سەن خەت يازدىڭ. سىز خەت يازدىڭىز.

سىلى خەت يازدىلا. سىلەر خەت يازدىڭلار. سەن سىنىپنى تازىلىغىن. سىلەر سىنىپنى تازىلاڭلار. سەن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىسەن. سىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىسىلەر.

**46 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئالىم، سەن بۇ خەۋەرنى قاچان ئاڭلىدىڭ؟ 2. سىز تازىلىققا رىئايە قىلىڭ. 3. سەن مەكتەپكە بارغىن. 4. سىلەر باغدا دەم ئېلىڭلار. 5. ئۆمەر بىلەن ئىككىڭلار شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىسىلەر. 6. سىز ئايگۈل بىلەن بىللە كېلىڭ. 7. سەن ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدىڭ. 8. سىز يېقىندىن بۇيان تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىسىز. 9. ساۋاقداشلار، دەرس ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىڭلار. 10. چوڭ ئانا، سىلى بۇ يەردە ئولتۇرسىلا.

**ئەگەر ئىگە ئۈچىنچى شەخستە كەلسە، خەۋەرمۇ ئىگىگە ماسلىشىپ، ئۈچىنچى شەخستە كېلىدۇ.**

**مەسىلەن:** ئۇ ئۆيدىن كەلدى. ئۇلار ئۆيدىن كەلدى. قاسىم مۇزاكىرە قىلىنىۋاتىدۇ. قاسىملار مۇزاكىرە قىلىنىۋاتىدۇ.

**47 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئوقۇڭلار.

1. ئۇ تاپشۇرۇق ئىشلەۋا... 2. ئۇلار

تاپشۇرۇق ئىشلەۋاـــــ. 3. غالىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاـــــ. 4. غالىپلار تاپشۇرۇق ئىشلەۋاـــــ. 5. قىشتا قار ياغـــــ. 6. كۆزلۈك يىغىم ئاياغلاشـــــ. 7. غاپپار مەكتەپكە كېچىكمەـــــ. 8. ئۇلار بىزگە مۇسابىقە ئېلان قىلـــــ. 9. ئۇكام كارىۋاتتا ئۇخلاۋاـــــ. 10. ئاپام ئاش ئەتـــــ.

**48 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئۇلاردىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ قايسى شەخس ۋە قانداق ساندا باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. سەن مەكتەپ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشىڭ كېرەك. 2. بىز سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. 3. مەن سىنى چاقىرغىلى كەلگەنىدىم. 4. ئۇ بىزنى ساقلاپ قالدى. 5. سىلەر ئالدىدا مېڭىڭلار. 6. مەن سىلەردىن ئۆگىنىمەن. 7. ئۇلار مەيدانلارنى پاك - پاكىز تازىلاپتۇ. 8. مۇئەللىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. 9. مەكتەپ مۇدىرى بىزگە دوكلات بەردى. 10. مېنىڭ گېپىمگە دىققەت قىلىڭ.

**49 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قوشۇمچىلارنى يېزىڭلار.

1. ساۋاقداشلار، گەپ قىلماي ئولتۇرـــــ،

2. مەن سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرد... . سەن مېنى ئۆيۈڭدە ساقلاپ تۇر... ، مەن چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بار... . 3. سەن ئېيتىپ بەر... ، مەن ياز... . 4. ئۇلار تېخىچە قايتىپ كەلمە... ، بىز يەنە بىرئاز ساقلاپ تۇر... . 5. بۇ سوئالغا سىلەر جاۋاب بەر... . 6. ئۇ يەرگە سىز ئۆزىڭىز بار... ، ئۇلار مېنى تونۇماي... . 7. ئالىيە سەي توغرا... ، سىز خېمىر يۇغۇر... ، مەن ئوچاققا ئوت ياق... .

www.uyghurkitap.com

## 10. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى

بىز تۆتىنچى يىللىقتا يىغىق ۋە يېيىق جۈملىلەرنى ئۆگەنگەنىدۇق. يىغىق جۈملە پەقەت باش بۆلەكلەردىنلا، يەنى ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلىدۇ. يېيىق جۈملە باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. يېيىق جۈملىلەر ئىپادىلىگەن ئوي - پىكىر يىغىق جۈملىلەرگە قارىغاندا تولۇق ھەم كەڭ بولىدۇ.

مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار كەتتى.

ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا دوكلات ئاڭلىغىلى كەتتى.

بىز تىكتۇق.

بىز مەكتەپ ئالدىغا كۆچەت تىكتۇق.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئەگەشمە بۆلەكلەر جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاش ۋە كېڭەيتىش رولىنى ئۆتەيدۇ. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنى شۇنچە تولۇق ھەم كەڭ بولىدۇ.

جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەردىن باشقا بۆلەكلەر ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ.
ئەگەشمە بۆلەكلەر جۈملە مەزمۇنىنى تولۇقلاش ھەم كېڭەيىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەشمە بۆلەكلەرگە كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ قەيەرنىڭ؟ نەنىڭ؟ كىمنى؟ نېمىنى؟ قەيەرنى؟ نەنى؟ كىمدىن؟ نېمىدىن؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ كىمگە؟ نېمىگە؟ قەيەرگە؟ نەگە؟ كىمدە؟ نېمىدە؟ قەيەردە؟ نەدە؟ قاچان؟ قانداق؟ قانچە؟ قانداق قىلىپ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: ھەببىبە ئەتىگەن ئىشقا كەتتى (قاچان؟ — ئەتىگەن، نەگە؟ — ئىشقا). تاغنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ساپ (نەنىڭ؟ — تاغنىڭ، قانداق؟ — ناھايىتى). مېنىڭ ئاكام ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ (كىمنىڭ؟ — مېنىڭ، قەيەردە؟ — ئۈرۈمچىدە). بىز دەرسخانا ئىنتىزامىدا سىلەردىن ئۆگىنىمىز (نېمىدە؟ — دەرسخانا ئىنتىزامىدا، كىمدىن؟ — سىلەردىن). خەلچەمنىڭ ئىككى تال يېڭى قەلىمى بار (كىمنىڭ؟ — خەلچەمنىڭ، قانچە؟ — ئىككى تال، قانداق؟ — يېڭى).

**50 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئەگەشمە بۆلەكلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار.

1. قاسىمجان مەكتەپتىن كەلدى. 2. باللار كوچىلەرگە سۇ قويدى. 3. باغدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى. 4. بىز تۇنۇگۈن مەكتەپ زالىدا ئويۇن قويدۇق. 5. دېھقانلارنىڭ شادلىق ناخشىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

-رى كۈن بويى ئېتىزلىقتا جاراڭلاپ تۇرىدۇ. 6. بىزنىڭ سىنىپتا 45 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. 7. بىز ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز. 8. بىز مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمىز. 9. مېنىڭ دادام ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 10. مەن ئاكامغا خەت يازدىم.

ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ بەزىلىرى جۈملىدە ئىگىنى، بەزىلىرى خەۋەرنى ئېنىقلاپ ۋە تولدۇرۇپ كېلىدۇ. يەنە بەزىلىرى بىر - بىرىنى ئېنىقلاپ ۋە تولدۇرۇپ كېلىدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ قايسى بۆلەكلەرنى ئېنىقلاپ ۋە تولدۇرۇپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەردى.
2. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق.
3. ماھىرەنىڭ كۆڭلىكىنىڭ رەڭگى قىزىل.
4. ئارزۇگۈل ئۇسسۇلنى ناھايىتى چىرايلىق ئوينايدۇ.

**جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىنى، خەۋەرنى ياكى بىر - بىرىنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا يىغىق جۈملىنىڭ مەزمۇنى كېڭىيىپ، يېيىق جۈملىگە ئايلىنىدۇ.**

**مەسىلەن:** بۇغدايلار پىشتى. يازلىق بۇغدايلار پىشتى. يېزىمىزنىڭ يازلىق بۇغدايلىرى چاپسان پىش-

تى. ئوقۇغۇچىلار كەتتى. سىلەرنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كەتتى. سىلەرنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇ-غۇچىلار كىنو كۆرگىلى كەتتى.

**جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى مۇنۇلار: 1. تولدۇرغۇچى؛ 2. ئېنىقلىغۇچى؛ 3. هالەت.**

**51 - كۆنۈكمە:** بىرىنچى قاتاردىكى جۈملىلەر بىلەن ئىككىنچى قاتاردىكى جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار.

| 1 - قاتار | 2 - قاتار |
|---|---|
| بىز ئوقۇيمىز. | بىز تىرىشىپ ئوقۇيمىز. |
| ئىشچىلار ئىشلەيدۇ. | ئىشچىلار زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. |
| يىغىن ئېچىلدى. | بۈگۈن مەكتىپىمىزدە ئاتا - ئانىلار يىغىنى ئېچىلدى. |
| ئىككىمىز ئىشلەيلى. | بۈگۈن كەچتە ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيدە بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەيلى. |
| ئاكىسى كەلدى. | بۈگۈن قادىرنىڭ ئاكىسى ئۈرۈمچىدىن كەلدى. |

**52 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. باش بۆلەكلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. بىز زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. 2. تورسۇننىڭ خېتى ناھايىتى چىرايلىق. 3. سىنىپنىڭ

پىكرىنىڭ تامامەن توغرا. 4. بىزنىڭ سىنىپقا يېڭىدىن بىر ئوقۇغۇچى كەلدى. 5. ئەركىن بۈگۈن ھېچيەرگە بارمىدى. 6. بۈگۈن بىز مەكتەپ بېغىدا ئەمگەك قىلىمىز. 7. بىز مەھەللىمىزدە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدۇق. 8. كۈننىڭ نۇرى ئەتراپنى يورۇتتى.

**53 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى يىغىق جۈملىلەرگە ئەگەشمە بۆلەكلەرنى قوشۇپ يېيىق جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1. ئوقۇتقۇچى چۈشەندۈردى. 2. زۆرەم ئوقۇدى. 3. ئوقۇغۇچىلار كەلدى. 4. ئىش باشلاندى. 5. ۋەزىپە ئورۇندالدى. 6. بىز كۆردۇق. 7. مەكتەپ ياخشى. 8. دىلنۇر باھالاندى.

## 11. تولدۇرغۇچى

ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ بىرى تولدۇرغۇچىدۇر. تولدۇرغۇچىلار جۈملىدە پېئىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

1. مەن سەمەتنى تونۇيمەن.

2. ھەلىمەگە ئاكىسىدىن خەت كەپتۇ.

3. بىز يىغىنغا قاتناشتۇق.

1 - جۈملىدىكى «سەمەتنى» دېگەن سۆز «تونۇيمەن» دېگەن خەۋەرنىڭ مەنىسىنى، 2 - جۈملىدىكى «ھەلىمەگە»، «ئاكىسىدىن» دېگەن سۆزلەر «كەلدى» دېگەن خەۋەرنىڭ مەنىسىنى، 3 - جۈملىدىكى «يىغىنغا» دېگەن سۆز «قاتناشتۇق» دېگەن خەۋەرنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئەگەر بۇ تولدۇرغۇچىلارنى ئېلىۋەتسەك، جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى تولۇق بولماي قالىدۇ - دە،

ئوي - پىكىر ئىپادىلەنمەيدۇ.

**ئادەم ۋە باشقا جانلىق ھەم جانسىز نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئەگەشمە بۆلەكلەر تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**تولدۇرغۇچىلار جۈملىدە پېشلىدىن بولغان خەۋەرنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاپ، شۇ خەۋەرلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.**

**تولدۇرغۇچىلار كىمنى؟ نېمىنى؟ كىمگە؟ نېمىگە؟ كىمدىن؟ نېمىدىن؟ كىمدە؟ نېمىدە؟ كىم بىلەن؟ نېمە بىلەن؟ كىم توغرۇلۇق؟ نېمە توغرۇلۇق؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: مەن بۇ خەتنى (نېمىنى؟) قەشقەردىكى ئاكامغا (كىمگە؟) يازدىم. كىتابتا (نېمىدە؟) نۇرغۇن بىلىملەر بار. بىز ئېكسكۇرسىيىگە (نېمىگە؟) بارىمىز. ئىشچىلار ئىشتىن (نېمىدىن؟) قايتتى. مەن رابىيە بىلەن (كىم بىلەن؟) كەلدىم. بىز ئىلغارلاردىن (كىملەردىن؟) ئۆگىنىمىز. مەن مۇئەللىم بىلەن (كىم بىلەن؟) ئۆگىنىش توغرۇلۇق (نېمە توغرۇلۇق؟) سۆزلەشتىم.

ئەسكەرتىش: چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇمچىسى، بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا بۇ سۆزلەر نېمە؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ئەمما، بۇ سۆزلەر ئوخشاشلا جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

ـرىدۇ.

مەسلەن: ئايشەم كىتاب (نېمە؟) ئوقۇۋاتىدۇ. (ئايشەم كىتابنى ئوقۇۋاتىدۇ). بىز كىنو (نېمە؟) كۆردۇق (بىز كىنونى كۆردۇق). مەن تاماق (نېمە؟) ئەتتىم (مەن تاماقنى ئەتتىم). سىلەر خەت (نېمە؟) يېزىڭلار (سىلەر خەتنى يېزىڭلار).

**54 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ تولدۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

### ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن

گۈزەل مەكتەپ قوينىدا
خۇشال - خۇرام ئوقۇيمەن.
ۋەتىنىمنى مەدھىيلەپ،
ناخشا - قوشاق توقۇيمەن.

ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ،
دادىل ئالغا ئۆرلەيمەن.
ئەلگە تۆھپە يارىتىپ،
ۋەتىنىمنى گۈللەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلۆغ ۋەتەن باغرىنى
گۈل - چېچەككە پۈركەيمەن.
ۋەتىنىمنى ناخشامدا
ئۆمۈر بويى كۈيلەيمەن.

**55 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار:

1. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەككە تەشكىللىدى. 2. بىز ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز. 3. مەن ساۋاقدىشىم تۇرسۇن بىلەن بىللە دەرس مۇزاكىرە قىلدىم. 4. بىز ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلارنى مۇسابىقىگە چاقىردۇق. 5. ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە گېزىتتىن بىر ماقالە ئوقۇپ بەردى. 6. مەن سىنىپىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى. 7. سىنىڭ سۆزۈڭدە خاتالىق يوق. 8. ئۇ ماشىنا ھەيدەيدۇ. 9 مەن قېرىنداش بىلەن خەت يازدىم. 10. مۇئەللىم بىزگە دەرس ئۆتىدۇ.

**56 - كۆنۈكمە:** كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن سوئاللارغا قاراپ تولدۇرغۇچىلارنى تېپىپ قويۇپ، جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. سىلىق سۆز ...... (نېمىدىن؟) تاتلىق. 2. بۇ خەت ...... (كىمدىن؟) كەپتۇ. 3. مەن بازاردا ...... (كىمنى؟) كۆردۈم. 4. ئۇ ......

(كىم بىلەن؟) ... (نېمە؟) كۆردى. 5. مۇئەللىم ... (كىمنى؟) دوسكىغا چىقاردى. 6. مۇئەللىم ... (كىمدىن؟) ... (نېمىنى؟) سورىدى. 7. ئۇ ... (نېمىنى؟) ئوبدان بىلىۋالدى. 8. راھىلە ... (نەدىن؟) كەلدى.

**ئۈلگە:** سىلىق سۆز بالدىن تاتلىق.

**57 - كۆنۈكمە:** ئۆزۈڭلار ئويلاپ بەش جۈملە يېزىپ كېلىڭلار. ھەربىر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولسۇن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويۇڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 12. ئىنقىلىغۇچى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە سوئال بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قايسى سۆزلەرنىڭ قانداق بەلگىلىرىنى ئىنىقلاپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. كەڭ ئېتىزدا ئالتۇندەك باشاقلار دولقۇنلىناتتى.

2. مەكتەپنىڭ چوڭ زالىغا يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى يىغىلدى.

3. قادىرنىڭ قىزىل قەلىمى بار.

4. مەن ياغاچ قوشۇق ياسىدىم.

1 - جۈملىدىكى «كەڭ» دېگەن سۆز «ئېتىز» دېگەن ئىسىمنىڭ دائىرىسىنى، «ئالتۇندەك» دېگەن سۆز «باشاق» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. 2 - جۈملىدىكى «مەكتەپنىڭ» دېگەن سۆز «زال» دېگەن ئىسىمنىڭ كىمگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى، «چوڭ» دېگەن سۆز «زال» دېگەن ئىسىمنىڭ ھەجمىنى، «يۈزدىن ئارتۇق» دېگەن سۆز «ئوقۇغۇچى» دېگەن ئىسىمنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. 3 - جۈملىدىكى «قادىرنىڭ»

دېگەن سۆز «قەلەم» دېگەن ئىسىمنىڭ كىمگە قا-
راشلىق ئىكەنلىكىنى، «قىزىل» دېگەن سۆز «قە-
لەم» دېگەن ئىسىمنىڭ رەڭگىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.
4 - جۈملىدىكى «ياغاچ» دېگەن سۆز «قوشۇق»
دېگەن ئىسىمنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى ئېنىقلاپ
كەلگەن. دېمەك، يۇقىرىدىكى ئاستى سىزىلغان
سۆزلەر ئېنىقلىغۇچىلاردۇر.

> **جۈملىدە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى، سانىنى، بەلگە-
> سىنى، دەرىجىسىنى، نېمىدىن ياسالغانلىقىنى ۋە كىمگە، نېمىگە
> قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەكلەر ئېنىقلىغۇ-
> چى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**مەسلەن:** تاغنىڭ چوققىسىدا ئاپئاق قارلار كۆرۈ-
نۈپ تۇرىدۇ. تەلئەت قىزىل قەغەز سېتىۋالدى.
مەن ئىككىنچى پارتىدا ئولتۇرىمەن. بىز يورۇق
سىنىپلاردا ئوقۇۋاتىمىز. بىز ھويلىمىزغا تۆمۈر
دەرۋازا ئورناتتۇق.

> **ئېنىقلىغۇچىلار جۈملىدە، ئاساسەن، ئىسىملارغا باغلىنىپ
> كېلىپ، ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن سۆزنىڭ ئالدىدا باش ھەم ئىگە-
> لىك كېلىشتە كېلىدۇ.**
> **ئېنىقلىغۇچىلارغا قانداق؟ قايسى؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ قان-
> چە؟ نەچچە؟ قانچىنچى؟ قەيەردىكى؟ قاچانقى؟ دېگەنگە ئوخ-
> شاش سوئاللار بېرىلىدۇ.**

**مەسلەن:** قىزىل (قانداق؟) گۈللەر پۇراق چاچ-

تى. غۇنچەم تۈتىنچى (نەچچىنچى؟) سىنىپتا ئو-
قۇيدۇ. تراكتورنىڭ (نېمىنىڭ؟) ئاۋازى ئاڭلان-
دى. ئېتىزدىكى (قەيەردىكى؟) ئاشلىقلار يىغىلىپ
بولدى. ئاخشامقى (قاچانقى؟) كىنو بەكمۇ قىزىق
ئىكەن. بۇ — جاپپارنىڭ (كىمنىڭ؟) سومكىسى.
مەن تۆت (قانچە؟) مىسالنى ئىشلەپ بولدۇم. ئاۋۇ
(قايسى؟) كىتابنى ئېلىۋېتىڭ.

58 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋې-لىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ قايسى سۆزلەرنى ئېنىقلاپ كەلگەنلىكى-نى ئېيتىپ بېرىڭلار.

**گۈزەل ئارزۇ**

ئالتە كۇنلۇك ئالتۇن ئاي
ئالتۇن تاغنىقىم بولسا.
رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن
شايى ياغلىقىم بولسا.

زەر ھالقامغا چولپاننى
ياقۇت كۆز قىلىپ سالسام.
يۇلتۇزنى قىلىپ مارجان،
بوينۇمغا ئېسىپ ئالسام.

تاغلار شاھى — خانتەڭرى
خۇشناۋا دۇتار بولسا.
دولقۇنلۇق ئىلى - تارىم
دۇتارىمغا تار بولسا.

شوخ ناخشا - مۇقامىمنى
بىر ئۆمۈر جاراڭلاتسام.
ئارزۇيۇم - مۇرادىمنى
كەڭ جاھانغا ئاڭلاتسام.

**59 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىنىقلىغۇچى قىلىپ، جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.

چوڭ، ئەقىللىق، بەختلىك، قىزىق، تاتلىق، يوغان، ئۇزۇن، يېزىدىكى، ئەتىگەنكى، ئون ئىككى

**60 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ئىنىقلىغۇچىلارنىڭ لايىقىنى قويۇڭلار.

بىز . ئوقۇش يىلىغا كىتابلارنى ئالدۇق. مەن سىنىپتا ئوقۇيمەن. سىنىپتا بالا ئوقۇيدۇ. بۈگۈن يامغۇر ياغدى. ئېتىزلار، باغلار، چېچەكلەر يامغۇردىن كېيىن باشقىچە رەڭ ئالدى. ئېتىزلاردا قۇشلار سايراشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ [illegible] ئاۋازلىرى كىشىلەرنى ئۆ-
زىگە جەلپ قىلاتتى. [illegible] شامال [illegible] مايسى-
لارنى يەلپۈپ تۇراتتى.

**كېرەكلىك سۆزلەر:** نۇرغۇن، يېڭى، بىزنىڭ، قىرىق، تۆتىنچى، كەڭ، قاتتىق، مېۋىلىك، رەڭمۇرەڭ، يېقىملىق، ھەر تۈرلۈك، سالقىن، يېشىل

61 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنى ئوقۇپ، ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا. 2. ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا مىڭ قامچا. 3. ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى (يارار). 4. بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما. 5. ھۇرۇنغا ھويلىدىكى سۇ يىراق. 6. كەڭ تون يىرتىلماس، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس. 7. يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن يامان. 8. بىلىمسىز ئادەم — مېۋىسىز دەرەخ. 9. بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى. 10. تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

## 13. ھالەت

بەزى ئەگەشمە بۆلەكلەر جۈملىدە ئادەم ۋە نەر-سىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ئىپىقلاپ، شۇ ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ قانداق، قاچان، قەيەردە بولغانلىقى-نى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

1. بىز تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز.
2. پاتىگۈل خەنزۇچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ.
3. مەن كەچتە مۇزاكىرە قىلىمەن.
4. ئۇلار سىرتتا ئولتۇرىدۇ.
5. ئادىل مۇزاكىرە قىلىنغانلىقتىن جاۋاب بېرەلمىدى.
6. بىز تازىلىق قىلغىلى كەلدۇق.

1 - جۈملىدىكى «تىرىشىپ» دېگەن سۆز «ئۆ-گىنىۋاتىمىز» دېگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، 2 - جۈملىدىكى «ياخ-شى» دېگەن سۆز «سۆزلەيدۇ» دېگەن ئىش - ھەرد-كەتنىڭ ئورۇندىلىش سۈپىتىنى، 3 - جۈملىدىكى «كەچتە» دېگەن سۆز «مۇزاكىرە قىلىمەن» دېگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ۋاقتىنى، 4 -

جۈملىدىكى «سىرتتا» دېگەن سۆز «ئولتۇرىدۇ» دېگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى، 5 - جۈملىدىكى «مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندىن» دېگەن سۆز «جاۋاب بېرەلمىدى» دېگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالماسلىقىدىكى سەۋەبىنى، 6 - جۈملىدىكى «تازدىلىق قىلغىلى» دېگەن سۆز «كەلدۇق» دېگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

> **ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالەتتە بولغىنىنى، ئورنىنى، جايىنى، مەقسىتىنى، سەۋەبىنى بىلدۈرگەن ئەگەشمە بۆلەكلەر ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ.**

> **ھالەت ئادەتتە يېشىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. ھالەتلەرگە قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قاچان؟ قەيەردە؟ نەدە؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ قەيەرگە؟ نەگە؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەبتىن؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.**

مەسىلەن: ھاۋا تۇيۇقسىز (قانداق؟) ئۆزگەردى. بىز ئەتە (قاچان؟) خەلق باغچىسىغا (نەگە؟) باردىمىز. ئاكام ئۈرۈمچىدىن (نەدىن؟) كەلدى. مەن ئوقۇغىلى (نېمە قىلغىلى؟) كەلدىم. ئۇ ئاغرىپ قېلىپ (نېمە سەۋەبتىن؟) كېلەلمىدى. بۇلۇتلار ئاستا (قانداق؟) تارقىدى.

**62 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئاستى

سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھالەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار.

تاڭ ئاتقاندا بىر توپ بالىلار دەرياغا ئالدىراپ ماڭدى. ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا، كۈن قىزىرىپ چىققانىدى. ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە قاتتىق شامال چىقتى. ئاسماننى بىردەمدە بۇلۇت قاپلىدى. يامغۇر قاتتىق ياغدى. يامغۇر چاپسانلا توختىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. بالىلار ئىككى توپ يوغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە يۈگۈرۈپ كەلدى. شۇ يەردە ئۇلار يېرىم سائەتكىچە قوزغالماي تۇردى. كۆپ ئۆتمەي يامغۇر چىپپىدە توختىدى. بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن كۈن پارقىراپ چىقتى. بالىلار يۈگۈرۈشۈپ دەرياغا كەلدى. قارماقلىرىنى كەينى - كەينىدىن تاشلىدى. ئۇلار بېلىقنى نۇرغۇن تۇتتى؛ كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيلىرىگە ئالدىرىشىپ قايتىشتى.

**63 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ھالەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

1. بىز تونۇگۈن كەچتە كىنو كۆردۇق.
2. ئۇلار مەيداندا توپ ئويناۋاتىدۇ.
3. يىراقتىن بىر بالىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلان-

www.uyghurkitap.com

دى. ( )

4. ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلدى. ( )

5. مەن سىنىڭ بىلەن ئوينىغلى كەلدىم. ( )

6. ئۇ بىلمىگەنلىكتىن جاۋاب بېرەلمىدى. ( )

7. مەن ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىمەن. ( )

8. ئۇكام مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى. ( )

9. قاسىم تېز يۈگۈرەيدۇ. ( )

10. ئاتىكەم خەتنى چىرايلىق يازىدۇ. ( )

**64 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ سۆزلەر جۈملىدە هالەت بولۇپ كەلسۇن.

چاپسان، ئالدىراپ، دەرهال، هەۋەسلىنىپ، تاغقا، تۇيۇقسىز، چۈشتىن كېيىن

**65 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق هالەتلەرنى قويۇڭلار.

1. بىز تاغقا چىقىمىز. 2. مەن شاۋ-كەتلەرنىڭ باردىم. 3. ماهىنۇر بىلەن ئىك-كىمىز مۇزاكىرە قىلدۇق. 4. مەن سىنى كەلدىم. 5. مەن ئۈچۈن سىنىڭدىن سوراۋاتىمەن. 6. بىز تاپشۇرۇق ئىشلىدۇق. 7. دېهقانلار قايتىپ كەلدى. 8. ئەركىن مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. 9. مۇئەللىم بىزگە تەربىيە بېرىدۇ. 10. مەن

مەكتەپكە . . . كەلدىم .

ئۆلگە: (ئەركىن مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب) بەردى.

# جۈملە بۆلەكلىرى توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

66 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىگىلەرنى تېپىڭلار. ئىگىنىڭ جۈملىدە قانداق ئورۇندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىزنىڭ شەھەرنىڭ يېنىدىن چوڭ دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك. دەريا بويىدا ئېگىز ۋە قېلىن دەرەخلەر بار. بۇ جاي دەم ئېلىشقا ناھايىتى ياخشى. بىز يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە شۇ يەرگە بارىمىز. باللار سۇغا چۆمۈلىدۇ ۋە بېلىق تۇتىدۇ. قىزلار ئىلەڭگۈچ ئۇچىدۇ. بىز چىمەنلىكلەردە ئولتۇرۇشۇپ كىتابلارنى ئوقۇيمىز.

67 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىگىلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ جۈملە تۈزۈڭلار، تۈزگەن جۈملىلىرىڭلاردا شۇ ئىسىملار ئىگە بولسۇن.

مەكتەپ، شەھەر، گۈل، كىتاب، ئەمگەك

68 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. خەۋەرلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ، قايسى ئورۇندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كۆكلەم باغرىم كەل،

سىغىنىدىم سىنى.
ئوماق قوينۇڭغا
تارتىۋال مىنى.
جاراڭلىسۇن ئىتىزدا،
ئەمگەك ئاۋازى.
سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا،
باھار پەرۋازى.
كەتمەن ئالسۇن دېھقان،
تىلغىسۇن يەرنى.
ئالتۇن تېپىش ئۈچۈن،
تۆكسۇن ساپ تەرنى.
ھەربىر بوستان، ھەر ئورۇندا،
ناخشا ياڭرىسۇن.
بۇلبۇل ئۈچۈپ چىرىلداپ،
دۇتارغا قونسۇن.

69 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ سۆزلەر جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلسۇن.

گۈزەل، بەشىنىز، مەن، مەكتىپى، ئىشچى، ئىشلىدۇق، ياخشى، ئېگىز

70 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ئىگە بىلەن خەۋەرنى تېپىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمى يېتىپ كەل-

www.uyghurkitap.com

دى. 2. بىز بايرامنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلىدۇق. 3. بايرام كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. 4. بىز بايراملىق كىيىملىرىمىزنى كىيىپ، خۇشال ھالدا مەكتەپكە كەلدۇق. 5. چوڭ يىغىن ئېچىلدى. 6. يىغىندا مەكتەپ مۇدىرى: «سىلەرنىڭ بايرىمىڭلارنى تەبرىكلەيمەن» دېدى. 7. يىغىندىن كېيىن تەييارلىغان ئويۇنلىرىمىزنى قويدۇق. 8. سىلەر بىزگە ئۆلگە يارىتىپ بەردىڭلار. 9. سىز بۈگۈندىن كېيىن دەرسكە كېچىكمەڭ. 10. ئۇلار ئالدىمىزدا كەتتى. 11. سەن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشما. 12. سىلەر ئىككىڭلار ناخشا ئېيتىڭلار، بىز ئىككىمىز ئۇسسۇل ئوينايلى.

**71 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. بىر قىسىم جۈملىلەردىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى، يەنە بىر قىسىم جۈملىلەردىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق ئىگىلەرنى قويۇڭلار.

1. باغدا گۈللەر ئېچىل... 2. بىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىللىقىدا ئوقۇۋا... 3. سىز دوسكىغا چىقىڭ... 4. مەن رەسىم سىز... 5. ئۇ بۈگۈن مەكتەپكە بار... 6. ... . مۇئەللىمنى ئىزدەپ كەلدۇق. 7. ... . كىتابىڭنى ياسىنغا بېرىپ تۇرغىن. 8. ... قاچان باغچىغا بارىسى-

لەر؟ 9. بولۇپ تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم. 10. ... سېنى ئىزدەپ كەتتى.

**72 - كۆنۈكمە**: تۆۋەندىكى ماقاللارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار.

1. قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما. 2. ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر). 3. ئەل ئامانلىقنى تىلەر، دۈشمەن يامانلىقنى (تىلەر). 4. مەرت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن (قايتماس). 5. بىلگەندىن ئۆگەن، بىلمىگەنگە ئۆگەت. 6. پۇل تاپقىچە ئەقىل تاپ. 7. يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر. 8. ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە بىلىنەر.

**73 - كۆنۈكمە**: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئېنىقلىغۇچىلارنى تېپىڭلار.

ئېگىز تاغ باغرىغا يېقىنلاشقىنىڭىزدا تاغ تەرەپتىن كەلگەن ئىللىق شامال يۈزىڭىزنى ئەركىلەتكەندەك سىيلاپ ئۆتىدۇ، يېقىملىق خۇشبۇي پۇراقلار دىمىغىڭىزغا ئۇرۇلىدۇ. تاغنىڭ ساپ، خۇش پۇراقلىق ھاۋاسىدىن تويماي نەپەس ئالىسىز. بۇ تازا ھاۋا سىزگە چەكسىز ھوزۇر بېغىشلايدۇ. تاغنىڭ يان باغرىغا نەزەر سالسىڭىز تېخىمۇ گۈزەل بىر مەنزىرىنى كۆرىسىز. قىزىل، ئاق، سېرىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

گۈللەر ئېچىلغان. ياڭاق ۋە پىستە دەرەخلىرى بىر-بىرى بىلەن چىرمىشىپ، يۆگىشىپ، ئاسمانغا قاراپ باش تارتقان. تۇزلەڭ يەرگە يېشىل رەڭلىك گىلەملەر يېيىلغاندى. تاغ باغرىدىن بولسا تولغىنىپ، ئايلىنىپ چۈشكەن ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئۆزلىرىنىڭ سۈپسۈزۈك، مۇزدەك سۇلىرىنى قاياقلارغىدۇر ئاققۇزۇپ كېتەتتى.

**74 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىپ، ھالەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. ئەتىگەنلىكى كۈن قىزىرىپ چىقتى. 2. مەن مەكتەپكە ناھايىتى چاپسان كەلدىم. 3. زەينەپ ئىشىكتىن خۇشال كىرىپ كەلدى. 4. بىزنىڭ بوگۈنكى پائالىيىتىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتتى. 5. بىزنىڭ سىنىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. 6. غۇنچەم دەرسنى ئىخلاس بىلەن تىڭشايدۇ. 7. رۇقىيە مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا تولۇق جاۋاب بەردى. 8. ئۇلار بىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدى. 9. بىز مەكتەپ بېغىدا ئەمگەك قىلدۇق. 10. مەن تەتىلدە قەشقەرگە بارىمەن. 11. ئۇ ھازىر ئۆيىدىن كەلدى.

## 14. ئىسىم



ئۆي، ھويلا، ئىشىك، دېرىزە، دەرەخ، ئاسمان، بۇلۇت، يەر، ساۋاقداشلار، بالا، ئانا، چېلەك، لۆڭگە، تاغار، قوناق، دان، ئالما، توخۇ، ئايشەم، گۈل، تەشتەك

يۇقىرىقى رەسىمنى ئالدى بىلەن كۆزىتىپ، ئاندىن ئاستىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار. ئۇ سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ، ۋەقە ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارغا ـ ئادەملەر ئۈچۈن كىم؟ كىملەر؟ باشقا جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر ئۈچۈن نېمە؟ نېمىلەر؟ دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

شۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان ئوي، ئىدىيە، مىجەز، نومۇس، ئۇتۇق، دەرس، جاۋاب، ئىمتىھان، تەتىل ... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ ئىسىم بولىدۇ.

مەسىلەن:

ئوقۇش باشلاندى

دوستلار، دوستلار، يۇرۇڭلار،
كېيىن قالماي مەكتەپكە.
ئەنە مەكتەپ كۆرۈڭلار،
قوشۇلۇڭلار بۇ سەپكە.

بۈگۈن ئوقۇش باشلاندى،
ئەمدى ئوقۇيلى ساۋاق.
ئۇيات بولىدۇ دوستلار،
يولدا كېچىكىپ قالساق.

يۇقىرىدىكى شېئىردىكى «دوستلار، مەكتەپ، سەپ، ساۋاق، ئۇيات، يول» دېگەن سۆزلەر ئىسىملاردۇر.

75 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئىسىملارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

تاڭ ئاتتى. خورازلار ھەر تەرەپتىن چىللاشقا
باشلىدى. يۇلتۇزلار ئاستا ـ ئاستا كۆرۈنمەي قال-
دى. نويابىرنىڭ ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋاسى كىشىگە
ھۇزۇر بىغىشلايتتى. تاغ تەرەپتىن كۈننىڭ قىزار-
غان نۇرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خورازلارنىڭ چىل-
لاشلىرى پەسەيدى. ئىشچىلار زاۋۇت ـ فابرىكىلار-
غا، دىھقانلار ئېتىزلارغا، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە
قاراپ يول ئالدى. كوچىلاردا ھەرىكەت جانلاندى.

76 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، ئىسىملارنى
ئېيتىپ بېرىڭلار ھەمدە ئۇ ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.



77 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئى-
سىملارنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارغا سوئاللارنى بېرىڭلار.

www.uyghurkitap.com

## يىللارغا جاۋاب

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قارىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.
. . . . . . . .
بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتۈۋەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى.
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

# 15. تۆپ ۋە ياسالما ئىسىملار

تۆۋەندىكى بىرىنچى قاتاردىكى سۆزلەرنى ئىككىنچى قاتاردىكى ئىسىملارغا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاھاڭلاتقان مەنىلىرىدە قانداق ئوخشاشماسلىق بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

| 2 - قاتار | 1 - قاتار |
| --- | --- |
| ئىشچى | ئىش |
| ساۋاقداش | ساۋاق |
| باغۋەن | باغ |
| ئاشپەز | ئاش |
| ئىلمەك | ئىل |
| ياتاق | يات |
| بىلىم | بىل |
| ئاچقۇچ | ئاچ |

**مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان، سۆزنىڭ تۆپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار تۆپ ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئىش، مەكتەپ، بېلىق، ساۋاق، دەپتەر، دېھقان، ئاسمان، ئادەم، يامغۇر

ئىسىملارغا ياكى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان يېڭى مەنىلىك ئىسىملار ياسالما ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئىش + چى = ئىشچى

ئوقۇ + غۇچى = ئوقۇغۇچى

ئىل + مەك = ئىلمەك

ياخشى + لىق = ياخشىلىق

باغ + ۋەن = باغۋەن

كۆت + كۈچى = كۆتكۈچى

تاقا + ق = تاقاق

نادان + لىق = نادانلىق

يۇقىرىقى «ئىش، باغ» دېگەن ئىسىملارغا «چى، ۋەن» دېگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، شۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان يېڭى ئىسىملار ياسالغان؛ «ئوقۇ، كۆت» دېگەن پېئىللارغا «غۇچى، كۈچى» دېگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان يېڭى ئىسىملار ياسالغان؛ «ئىل، تاقا» دېگەن پې-ئىللارغا «مەك، ق» دېگەن سۆز ياسىغۇچى قو-شۇمچىلار ئۇلىنىپ، شۇ ئىش ـ ھەرىكەتكە مۇناسى-ۋەتلىك بولغان نەرسىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان يې-

ڭى ئىسىملار ياسالغان؛ «ياخشى، نادان» دېگەن سۆپەتلەرگە «لىق» دېگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن شۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان يېڭى ئىسىملار ياسالغان. شۇڭا بۇ ئىسىملارنى ياسالما ئىسىم دەپ ئاتايمىز.

78 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، تۈپ ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ياسالما ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

«— قەدىرلىك ئوۋچى، سىز مېنىڭ قۇتقۇزغۇچۇم، بۇ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى چوقۇم قايتۇرىمەن. مەن سۇ ئىلاھىنىڭ قىزى بولىمەن. مەن بىلەن يۈرۈڭ، دادام چوقۇم سىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ. دادامنىڭ خەزىنىسىدە نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بار، ئاچقۇچنى ئېلىپ بېرەي، سىز كىرىپ نېمىنى خالىسىڭىز، شۇنى ئېلىڭ. ئەگەر بۇلارنى ياقتۇرمىسىڭىز، دادامنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا بىر گۆھەر بار، شۇنى ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ گۆھەرنى ئاغزىڭىزغا سالسىڭىز، ھەر خىل ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى چۈشىنەلەيسىز، — دەپتۇ. ھەرىپ گۆھەرنىڭغۇ ھاجىتى يوق. ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى ئۇقۇش — قىممەتلىك بىلىم، بىر ئوۋچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بەكمۇ ياخشى ئىشقۇ، دەپ ئويلاپتۇ».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

79 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ياسالما ئىسىملارنى تۈپ سۆزى بىلەن قوشۇمچىسىنى قوشۇش (+) بەلگىسى بىلەن ئايرىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

يۇرتداش، ئەمگەكچى، چايدان، سىزىق، مالچى، ھۈنەرۋەن، سۆزمەن، ئاچقۇچ، بىلىم، ئىشخانا، قوغۇنلۇق، يايلاق، يەلپۈگۈچ، تۇتقۇچ، ياتاق

80 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بىرىنچى قاتاردىكى تۈپ سۆزلەرگە ئىككىنچى قاتاردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ لايىقىنى ئۇلاپ، ياسالما ئىسىملارنى ياساڭلار.

| **1 ـ قاتار** | **2 ـ قاتار** |
|---|---|
| ياز، ئىش، ياخشى، تاza، ئاچ، كۆل، چارۋا، بىل، ھارۋا، ئاش، چاق، | لىق، غۇچى، قۇچ، چى، ماق، پەز، چەك، چىلىق، ىم، كەش، |

81 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئۆزۈڭلار سۆز تېپىپ قوشۇپ، ياسالما ئىسىم ياساڭلار.

داش، ما، مە، لىق، لۇك، ماق، دان، خانا، قۇچ، گۇچ

**ئۈلگە:** باس+ما=باسما، سۈز+گۇچ=سۈزگۇچ

## 16. خاس ۋە ئومۇمي ئىسملار

بەزى ئىسملار پەقەت يەككە بىرلا ئادەم ياكى بىرلا نەرسىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ؛ بەزى ئىسملار پۈتۈن بىر خىلدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى بىرىنچى قاتاردىكى ئىسملار بىلەن ئىككىنچى قاتاردىكى ئىسملارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرىنى سېلىشتۇرۇڭلار

| 1 ـ قاتار | 2 ـ قاتار |
| --- | --- |
| ئالىمجان | ئوقۇغۇچى |
| ئاقسۇ | شەھەر |
| جۇڭگو | دۆلەت |
| تەڭرىتاغ | تاغ |
| تارىم ژۇرنىلى | ژۇرنال |
| ئاقتاغ مەكتەپ | مەكتەپ |

**ئادەملەرنى ھەم نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا خاس قويۇلغان ئىسملار خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئايگۈل، ئەخمەت، پەرھات، شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىلى دەرياسى، بوغدا چوققىسى، شىنجاڭ گېزىتى، باغراش كۆلى، توقسۇن ناھىيىسى، يىلانلىق يېزىسى

> **بىر خىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق قويۇلغان ئىسىملار ئومۇمىي ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئادەم، ئوقۇغۇچى، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، نەشرىيات، دەريا، تاغ چوققىسى، گېزىتخانا، كۆل، ناھىيە، يېزا، بۇغداي

**82 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، خاس ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ئومۇمىي ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ئۈرۈمچى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى. 2. مەملىكىتىمىزدە چوڭ شەھەرلەر كۆپ، ئۇلار: بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، گۇاڭجۇ، خاربىن، ۋۇخەن ۋە باشقىلار. 3. مەملىكىتىمىزنىڭ دەريا - دېڭىزلىرى بايلىققا تولغان. 4. چومولاڭما چوققىسى — دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا. 5. تۇرپاندىن ئۈزۈم كۆپ چىقىدۇ. 6. ساۋۇت، ئەكرەم، سائادەت، ماھىرەلەر مەكتەپ بويىچە مۇنەۋۋەر پىئونېر بولۇپ باھالاندى. 7. ئوقۇتقۇچىمىز

بىزگە نۇرغۇن كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئەكىلىپ بەر-
دى. 8. مەن «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنى سۆ-
يۈپ ئوقۇيمەن. 9. قويلار يايلاقتا ئوتلاۋاتىدۇ.
10. باغدا ئالما، ئانار، ئۆرۈك، ئۈزۈملەر بار.
11. دېھقانلار ئېتىزدا بۇغداي ئورۇۋاتىدۇ.

**83 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭلار. خاس ئىسىم-
لارنى بىر قاتارغا، ئومۇمىي ئىسىملارنى بىر قاتارغا ئايرىپ
كۆچۈرۈڭلار.

شىنجاڭ، شەھەر، كۆل، ئاتۇش، ئۈستەل،
ئۆي، قىزىلتاغ سۇ ئامبىرى، خەيرىنىسا، پامىر
تېغى، ئادەم، ئەركىن، مەھەللە، توخۇ، كەپتەر،
بېلىق، يولۋاس، شىنجاڭ «1 ـ ئىيۇل» توقۇمىچىد-
لىق فابرىكىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى
شەھەرلىك 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، مەكتەپ

**84 ـ كۆنۈكمە:** ئۆزۈڭلار ئويلاپ بەش ئومۇمىي ئىسىم
يېزىڭلار ھەم ھەربىر ئومۇمىي ئىسىمغا ئىككىدىن خاس
ئىسىم يېزىڭلار.

**ئۈلگە:** قىز — دىلبەر، گۈلنۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 17. ئىسملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، «ئۈرۈمچى» دېگەن ئىسىمنىڭ ئۇ جۈملىلەردە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. ئۈرۈمچى — مەملىكىتىمىزدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى. 2. ئۈرۈمچىنىڭ يازلىق ھاۋاسى سالقىن. 3. مەن ئۈرۈمچىنى كۆرۈپ باقمىدىم. 4. سىز ئۈرۈمچىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ 5. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچى. 6. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇيدۇ.

> **ئىسملار جۈملىدە باش كېلىشتە كېلىپ ئىگە بولىدۇ.**
> **ئىسملارغا ئىگىلىك، كۆپلۈك قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىمۇ ئىگە بولالايدۇ.**

مەسىلەن: كىتاب — بىزنىڭ دوستىمىز. ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ. دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. راھىلە 5 ـ سىنىپقا ئەلا نەتىجە بىلەن

كۆچتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن. سادىرنىڭ ئاكىسى قەشقەردە ئوقۇۋاتىدۇ. دەرەخلەر يوپۇرماق چىقاردى.

**ئىسىملارغا چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىپ، كىمنى؟ نېمىنى؟ كىمگە؟ نېمىگە؟ كىمدىن؟ نېمىدىن؟ كىمدە؟ نېمىدە؟ كىم بىلەن؟ نېمە توغرۇلۇق؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كەلسە، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

**مەسىلەن:** مەن ياسىننى مەكتەپتە كۆردۈم. ئۇنىڭ سۆزىدە كەمچىلىك يوق. بۇ كىتابتا قىزىق ھېكايىلەر بار. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. مەن ئامىنەدىن ئۆگىنىمەن. ئۇ ئاكىسىغا خەت يازدى.

**85 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. 2. بۇ مىسالنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. 3. ئايشەم مۇئەللىمدىن رۇخسەت ئالدى. 4. رىسالەتنىڭ ئۇكىسى رەسىم سىزالايدىكەن. 5. سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار دەرسنى قانداق ئۆتىدۇ؟ 6. ئوقۇغۇچىلار چۈشتىن كېيىن يىغىنغا بارىدۇ. 7.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سادىر ئاكىسى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتى. 8. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلار مەكتەپ رەھ-بەرلىكىگە ياخشى پىكىرلەرنى بەردى.

86 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرى بىلەن ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ سۆزلەر بىر جۈملىدە ئىگە، يەنە بىر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسۇن.

گۇللەر، قەلەم، كىتاب، تاماق، ئالما

> **ئىسىملار جۈملىدە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ۋە بەزىدە ئىگىلىك كېلىشتە كېلىپ، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىز ئىپتىلغاندى-مۇ، ئوخشاشلا ئېنىقلىغۇچى بولۇۋېرىدۇ.**

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇستۇن. ئادەمنىڭ بىلىشى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. باغنىڭ مېۋىلىرى پىشتى. ماشىنىنىڭ گۇركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. باھار ھاۋاسى يېقىملىق. مەكتەپ قىرائەتخانىسى ئېچىلدى. ئىمتىھان تەييارلىقى باشلاندى.

87 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، ئېنىقلىغۇ-چى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار.

**قىزىل گالستۇك**

بوينۇمدىكى گالستۇكنىڭ
ئالتۇن جىيەك چۆرىسى.
يۈرىكىمگە ياقتى شامنى
ئۇنىڭ قىزىل شولىسى.

بوينۇمدىكى گالستۇكنىڭ
مۇقەددەستۇر مەنىسى.
لېنىن بوۋام سوۋغىسى ئۇ —
ئىنقىلابنىڭ بەلگىسى.

لاتا دېمەڭ، بوينۇمدىكى —
گالستۇكنىڭ جېنى بار.
چۈنكى ئاڭا ئەجدادلارنىڭ
سىڭىپ كەتكەن قېنى بار.

بوينۇمدىكى گالستۇكتۇر،
قىزىل تۇغنىڭ بۇرجىكى.
ئەجدادلارنىڭ ۋارىسى بىز،
ئىنقىلابنىڭ ئۇرۇقى.

**ئىسىملار باش كېلىشتە ياكى ئىگىلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەندە، بەزىدە جۈملىدە خەۋەر بولۇپمۇ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: ئاۋۇ كۆرۈنگەن — بىزنىڭ مەكتەپ. بۇ — بىزنىڭ بېغىمىز. ئۇلار — بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. بۇ — گۈلشەننىڭ كىتابى. ئاۋۇ تىزىپ قويۇلغانلىرى — يېڭىدىن سېتىۋالغان دەپتەرلەر.

ئورۇن - جاي ۋە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ، قەيەردىن؟ نەدىن؟ قەيەرگە؟ نەگە؟ قەيەردە؟ نەدە؟ قاچان؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كەلسە، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىز زاۋۇتقا ئېكسكۇرسىيىگە باردۇق. ئۇلار تاغدىن كەلدى. ئۇ كام بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتىدۇ. بىز يازدا يېزىغا بارىمىز. قەشقەردىن ئانار كۆپ چىقىدۇ.

**88 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ھالەت بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. بۇ — مېنىڭ بوغچام. 2. ئالدىدا ئولتۇرغان — بىزنىڭ مۇئەللىم. 3. بىز ئۆيدە مۇزاكىرە قىلىمىز. 4. سىلەر بازارغا بارماڭلار. 5. بىز ئەتىيازدا مەكتەپ بېغىغا كۆچەت تىكىمىز. 6. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن — ئەخمەت. 7. كېيۋەزلىكتە ئىشلەۋاتقانلار — بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلار. 8. سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان — ئالىيەنىڭ ھەدىسى. 9. ئۇ كۈندە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدۇ. 10. بۇ — مېنىڭ سىلەرگە قىلغان سوۋغام.

89 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار، ئاستى سىزىلغان ئىسىملارنىڭ قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

نيې ئېر — ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى. ئۇ كىچىدىن تارتىپلا ناخشىغا ئامراق ئىدى. ئۇ بىر ناخشىنى ئىككى قېتىم ئاڭلىسىلا ئۆگىنىۋالاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئالاھىدە سەزگۈر دەيتتى. نيې ئېر ئۆگىنىشتە ئىنتايىن تىرىشچان ئىدى. نيې ئېرنىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا، مۇزىكا مەكتىپىگە كىرەلمىدى. ئۇ قىشلىق كىيىملىرىنى سېتىپ، بىر ئىسكىرىپكا ئالدى. نيې ئېر ئىسكىرىپكىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى. نيې ئېر ئاخىر داڭلىق ئىسكىرىپكىچى بولۇپ يېتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىسىم توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

90 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى رەسىمنى تەپسىلىي كۆزىتىڭلار. ئاندىن رەسىمدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى يېزىڭلار.



91 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ. لار. تۈپ ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ياسالما ئىسىم. لارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ياخشىلىق يەردە قالماس. 2. ئوقۇتقۇچى. لار مەجلىس ئېچىۋاتىدۇ. 3. باغۋەن باغنى ئوبدان ئاسرايدۇ. 4. تۆمۈرچى ئورغاق سوقتى. 5. ئەيسا بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. 6. ئايشەم بىلەن رىزۋان ئىككىسى سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى. 7. دادام بازاردىن ئاچقۇچ سېتىۋالدى. 8. يولداش قاسىم، مۇئەللىم سىزنى ئىشخانىغا كېلىپ كەتسە دەيدۇ. 9. بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى. 10. ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى دەرسلىك ۋە دەپتەر تارقىتىپ بېرىلدى.

92 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئى. سىملارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ خاس ئى. سىم، قايسىسىنىڭ ئومۇمىي ئىسىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىر يەكشەنبە كۈنى غەيرەت بىلەن ئىككىمىز بېلىق تۇتۇشقا ماڭدۇق. يولدا بىزگە ئۈرۈمچى شە. ھەرلىك 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەن. ۋەر قوشۇلدى. ئۈچىمىز شەھەردىن چىقىپ، خۇڭ. يەنچى كۆلىگە كەلدۇق. كۆلدە سۇ تولۇپ تۇراتتى. غەيرەت توپاننى نەمدىدى. ئاندىن ئارىلىقنى قارماق

دەستىسى بىلەن ئۆلچىۋېلىپ، توپاننى سۇغا چاچ-تى. بىر ئازدىن كېيىن، بېلىقلار سۇ ئۈستىگە كۆ-تۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. سۇ ئۈستىدە بېلىقلار-نىڭ ئاغزىدىن چىققان كۆپۈكچىلەر پەيدا بولدى. غەيرەت كۈنجۈت يېغى بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىردا ياسالغان يەمچۈكنى ئىلمەككە ئىلدى. قارماقنى كۆ-پۈك ئەڭ كۆپ جايغا تاشلىدى. بېلىقلار يەمچۈكنى يېيىشكە باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن، كۆل بويى جانلىنىشقا باشلىدى. شەھەردىن يەنە نۇرغۇن كى-شىلەر قارماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلانباي ئىشچىلار ساناتورىيىسىدە دەم ئېلىۋاتقان بىرقانچەيلەنمۇ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «1 - ئى-يۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى سە-مەت ئاكامۇ بار ئىدى. بىز خېلى كۆپ بېلىق تۇتتۇق. تۇتقان بېلىقىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ھەر-بىي ئائىلە تەۋەسى ھەنپىخان ئانىغا تەقدىم قىل-دۇق.

93 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئىسىملارنى تېپىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلى-كىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

يازدا كۈن ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ھەممە ياققا ئۆتكۈر نۇرىنى چېچىپ تۇرىدۇ، ئېتىز ۋە باغلاردىن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئاڭلى-

نىپ تۇرىدۇ. باغلاردا ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر پىشىدۇ. ئېرىق-لاردا كۈمۈشتەك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقىدۇ. دېھقان-لار زوق بىلەن ناخشىلارنى ئېيتىشىپ، مېۋىلەرنى يىغىدۇ. ئالغان ھوسۇللىرىغا پەخىرلىنىدۇ. ئېد-تىزلاردا ئەمگەكچىلەرنىڭ خۇشال ۋاڭ-چۇڭلىرى ئاڭ-لىنىدۇ.

## 18. تۆپ ۋە ياسالما سۆپەتلەر

بەزى سۆپەتلەر پەقەت بىرلا تومۇردىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: ئاق قار، ئەگرى سىزىق، يېڭى ئۆي، ئېگىز بىنا، كىچىك بالا، ساپ ھاۋا

بەزى سۆپەتلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە بەلگىلىرىنى باشقا بىر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ياكى بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق سۆپەتلەرنى تۆپ سۆز ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: «يولۋاستەك ئادەم» بۇ يەردە ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتى يولۋاسنىڭ كۈچلۈكلۈك خۇسۇسىيىتىگە ئوخشىتىپ ئىپادىلەنگەن. «تىرىشچان بالا» دېسەك بالىنىڭ خۇسۇسىيىتى تىرىشىش ئىش - ھەرىكىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ سۆپەتلەرنى «يولۋاس+تەك، تىرىش+چان» دەپ بۆلەكلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

دېمەك، سۆپەتلەرنى تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، تۆپ سۆپەت ۋە ياسالما سۆپەت دەپ ئىككىگە بۆلۈش-

كە بولىدۇ.

> **سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلمىغان، پەقەت بىرلا تومۇردىن ئىبارەت بولغان سۈپەتلەر تۈپ سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.**

**مەسىلەن:** قىزىل، كۆك، چوڭ، ياخشى، ئىسسىق، تۈز، سېمىز، قېلىن، سىلىق، كەڭ، ياۋاش

**94 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ تۈپ سۈپەتلەرنى تېپىڭلار.

1. مەھەللىمىزگە يېڭى مەكتەپ سېلىندى. 2. ئايشەم نېپىز كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ. 3. پىئونېرلار قىزىل گالستۇك تاقىدى. 4. يىغىندا ئوقۇغۇچىلار ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 5. يېزىمىزدا پاكار ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا ئېگىز بىنالار سېلىندى. 6. بازاردىن سېمىز بىر قوي سېتىۋالدۇق. 7. كىچىك بالىلار چوڭ كىشىلەرنى ھۆرمەتلىشى لازىم. 8. مەكتىپىمىزگە ئىككى نەپەر ياش ئوقۇتقۇچى كەپتۇ. 9. كەڭ دالىنى ئاق قار قاپلىغانىدى. 10. سىنىپىمىزدا قىز ئوقۇغۇچىلار ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردىن كۆپ.

**95 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. تۈپ سۈپەتلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

سەھەر چىقسام سەيناغا،
دالا ـ تۈزلەر كۆلۈپتۇ.
قىزىل، سېرىق، سۆسۈن، ئاق. . .
رەڭدار گۈلگە تولۇپتۇ.

گۈللەر ئارا بىر توپ قۇش
بەزمە قىپتۇ كۆڭۈللۈك.
سايرىشىپتۇ زوق ـ شوختا،
ھەرقايسىسى ھەر تۈرلۈك.

× ×

بەك چىرايلىق، كۆڭۈللۈك،
بىزنىڭ يەسلى باغچىمىز.
ئاڭلىنىدۇ ئۇزۇلمەي،
خۇشال كۈلكە ـ ناخشىمىز.

باغچىمىزدا رەڭگارەڭ
ئېسىل گۈللەر ئېچىلغان.
خۇش پۇراق ھەم ساپ ھاۋا
ھەممە ياقنى قاپلىغان.

ساپ ھاۋادا ھەر كۈنى
گىمناستىكا ئوينايمىز.
ساغلام بەدەن چوڭ بولۇپ،
دائىم ئالغا ئۆرلەيمىز.

ئىسىم ۋە پېئىللارغا تۇرلۇك سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار-نىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان سۇپەتلەر ياسالما سۇپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ياسالما سۇپەتلەر ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا، ئاسا-سەن، «لىق، لىك، لۇق، لۈك، سىز، دەك، تەك، چان، غاق، قاق» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ئالما — ئالمىلىق باغ، بىلىم — بىلىملىك ئادەم، تۇز — تۇزلۇق كۆل، تۇزسىز تاماق، ئۈزۈم — ئۈزۈملۈك باغ، سۇ — سۇسىز چۆل، تاغ — تاغدەك ئىشلار، سۇت — سۇتتەك ئايدىڭ، ئىش — ئىشچان بالا، ئۇرۇش — ئۇرۇشقاق ئادەم، تېيىل — تېيىلغاق يول

96 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار، ياسالما سۇپەتلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كېچە سۇتتەك ئايدىڭ. ئاسماندا ئالىقاندەك بۇلۇت كۆرۈنمەيدۇ. بۇلۇتسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار خۇددى لامپۇچكىلاردەك چاقناپ تۇراتتى. تاۋاقتەك تولۇن ئاي ئەتراپنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتماقتا. بىز ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان سېمونت يولنى بويلاپ زاۋۇتقا يول ئالدۇق. ئۇ يەردە بىزنى ئىشچان، كۈچلۈك قىز - يىگىتلەر كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار بىزنى سەمىمىي قارشى ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي

«مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق ياشلار پائالىيىتى» باشلاندى. پائالىيەت كۆڭۈللۈك بولدى.

97 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ، ياسالما سۈپەت ياساڭلار ۋە ئۇ ياسالما سۈپەتلەرنى مۇۋاپىق ئىسىملار بىلەن بىللە قوشۇپ يېزىڭلار.

ئۈلگە: ياز — يازلىق بۇغداي

يېزا، كۆڭۈل، بەخت، مەدەنىيەت، ياز، مېۋە، گۆش، بالا، دەرس، ئۆي، پاختا، كۆكلەك

# 19. سۆپەت دەرىجىلىرى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، «قىزىل» دېگەن سۆپەتنىڭ ئۇ جۈملىلەردە ئىپادىلىگەن مەنىلىرىنى سېلىشتۇرۇڭلار.

1. مەن قىزىل گالستۇك تاقىدىم.
2. رابىيە قىپقىزىل ياغلىق چېگىۋاپتۇ.
3. بۇنىڭغا قىزىلراق قەغەز بولسىلا بولىدۇ.
4. ئايگۈل قىزغۇچ بوياق سېتىۋالدى.

1 - جۈملىدىكى «قىزىل» دېگەن سۆپەت گالستۇكنىڭ رەڭگىنى ئاشۇرماي، كەمستمەي ئىپادىلىگەن. 2 - جۈملىدە ياغلىقنىڭ رەڭگىنى ئاشۇرۇپ ئىپادىلىگەن. 3 - جۈملىدە بولسا قەغەزنىڭ رەڭگىنى باشقا قىزىل رەڭلەر بىلەن سېلىشتۇرغان ئاساستا ئىپادىلىگەن. 4 - جۈملىدە بوياقنىڭ رەڭگىنى كەمستىپ ئىپادىلىگەن.

**بىر خىل تۈردىكى سۆپەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق ياكى كەملىك تەرىپىدىن پەرقلىنىشى سۆپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**مەسىلەن:**

ئاق — ئاپئاق — ئاقراق — ئاقۇش

قارا — قاپقارا — قارىراق — قارامتۇل
سېرىق — ساپسېرىق — سېرىقراق — سارغۇچ
كىچىك — بەك كىچىك — كىچىكرەك — كىچىككىنە.

سۈپەت دەرىجىلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ئەسلى دەرىجە: كۆك، قىزىل، قارا، ئاق، سېرىق

2. سېلىشتۇرما دەرىجە: قىزىل — قىزىلراق، ياخشى — ياخشىراق، كۆك — كۆكرەك، سېرىق — سېرىقراق.

3. ئاشۇرما دەرىجە: قىزىل — قىپقىزىل، كۆك — كۆپكۆك، قارا — قاپقارا، ئاق — ئاپئاق

4. كېمەيتمە دەرىجە: كۆك — كۆكۈچ، قارا — قارامتۇل، ئاق — ئاقۇش، قىزىل — قىزغۇچ

98 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. «قارا، ئاق» دېگەن سۈپەتلەرنىڭ ئۇ جۈملىلەردىكى مەنىلىرىدە قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئاق قار ھەممە جاينى قاپلىغان. 2. ھەممىلا جاي ئاپئاق بولۇپ كېتىپتۇ. 3. بۇ قەغەز ئاۋۇ قەغەزگە قارىغاندا ئاقراق. 4. ماۋۇ كۆڭلەك ئاقۇش كۆرۈنىدىكەن. 5. بۇ — قارا قەلەم. 6. قولۇڭ قاپقارا بولۇپ كېتىپتىغۇ! 7. بىر پارچە قارىراق رەخت بولسىلا بولىدۇ. 8. سىنىڭ چاپىنىڭ قارامتۇل ئىكەن.

## 20. ئەسلى دەرىجە ۋە كېمەيتمە دەرىجە

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى بىر ـ بىرى بىلەن سېلىشـ تۇرماي، ئاشۇرماي ۋە كېمەيتمەي، ئەسلى سۈپىتى بويىچە بىلـ دۈرگەن سۈپەت دەرىجىسى ئەسلى دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق. ئەنۋەر — ياخشى بالا. ئۇ چىرايلىق رەسىملەرنى سىزىدۇ. ئاسماندا قىزىل بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. بىز ئەدەپلىك بالىلاردىن بولىمىز.

ئەسلى دەرىجىدىكى سۈپەتلەر باشقا سۈپەت دەـ رىجىلىرىنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ، يەـ نى باشقا سۈپەت دەرىجىلىرى ئەسلى سۈپەتلەرگە ھەر خىل قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

قىزىل — قىپقىزىل، قىزىلراق، قىزغۇچ

ياش — يايپاش، ياشراق، ياشقىنە

قارا — قاپقارا، قارىراق، قارامتۇل

ئاق — ئاپئاق، ئاقراق، ئاقۇش

**99 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئەسلى دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. كەڭ دالىنى يېشىل چىمەنلەر قاپلىدى.

2. ئاپئاق قويلار كۆك چۆپلەرنى كىرتىلدىتىپ يېمەكتە. 3. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق ئاق قويىدىن باشقا، قارا، سېرىق، ئالا قويلىرىمۇ بار. 4. يېزىمىزنىڭ تاتلىق قوغۇنلىرى ھەر قايسى جايلاردا ماختاشقا ئېرىشتى. 5. سىنىپىمىزدىكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. 6. ئوقۇغۇچىلار يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، رەتلىك تىزىلىپ، مەيدانغا كەتتى. 7. مەكتىپىمىزنىڭ بېغى چىرايلىق.

8. جەسۇر جەڭچى تۇرىدۇ پوستا،
ئاپتوماتنى تۇتۇپ قولىدا.
ئۆتكۈر كۆزى ئۇيقۇدىن يىراق،
ۋەتەن مېھرى قاينار دىلىدا.
تاغدا ئۆسكەن يېشىل قارىغاي ئۇ،
قورقۇتالماس ئۇنى قار - بوران.
قورقۇتالماس دۈشمەن ھەيۋىسى،
ئۇ بۇركۈتتەك باتۇر قەھرىمان.

. . . . . . . .

> **نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى ئەسلى دەرىجىدىن كېمەيتىپ، ئاجىزلىتىپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت دەرىجىسى كېمەيتمە دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: بۇ رەڭ يىراقتىن قارامتۇل كۆرۈنىدىكەن. ئاۋۇ مايكىنىڭ سۇس يېشىلىدىن بارمۇ؟

بارات سارغۇچ چاپان كىيىۋاپتۇ. ئوتتۇرىسىنى قىزغۇچ بويىساڭ، چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

**كېمەيتمە دەرىجىدىكى سۈپەتلەر ئەسلى دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «ۇش، ۈش، غۇچ، متۇل» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ھەم ئالدىغا «سۇس، ئاچ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.**

مەسلەن: ئاق — ئاقۇش، كۆك — كۆكۈش، قىزىل — قىزغۇچ، قارا — قارامتۇل، يېشىل — سۇس يېشىل، سېرىق — ئاچ سېرىق

**100 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى دىئالوگنى ئوقۇپ چىقىڭلار. ئۇنىڭدىكى كېمەيتمە دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

— گۈلبوستان، سىزنىڭ دەپتىرىڭىزنىڭ تېشى كۆكۈشمۇ، نېمە؟

— ياق، سىز رەڭ تونۇمايدىكەنسىز - ھە، سارغۇچقۇ.

— سارغۇچ دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— سارغۇچ دېگىنىمىز ئاچ سېرىق.

— يەنە قانداق رەڭلەرنى بىلىسىز؟

— قىزغۇچ، ئاقۇش، قارامتۇل، كۆكۈش رەڭلەرنى بىلىمەن.

— قىزغۇچ بىلەن سۇس قىزىل ئوخشاشمۇ؟

— ھەئە، قىزغۇچ بىلەن سۇس قىزىل ئوخ-

شاش.

**101 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ-لار. ئەسلى دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كېمەيتمە دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ئۇنىڭ سارغۇچ چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. 2. قادىرنىڭ قاپقارا چاچلىرى، بىر جۈپ قارا كۆزى ئۇنىڭ ئاقۇش چىرايى بىلەن ئالاھىدە سىلىشتۇرما ئىدى. 3. ئۇ قىزغۇچ چاپاننى ياخشى كۆرىدۇ. 4. ئاتىكەم چىرايلىق سومكا ئېسىۋاپتۇ. 5. ئۇ قارامتۇل رەختتە ئىشتان كىيىپتۇ. 6. ئۇ ھەرقانچە يامان بولسىمۇ، سىنىڭدىن ياخشىراقتۇ. 7. قەغەزلەر ئاپتاپتا سارغۇچ بولۇپ قاپتۇ.

# 21. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئاستى سىزىلغان سۈپەتلەرنىڭ ئۇ جۈملىلەردە قانداق ۋەزىپىلەردە كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار ھەمدە ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار.

1. كۆپكۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى.

2. قاسىمنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى.

3. ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ) (ماقال).

4. بىز ئىلغارلاردىن ئۆگىنىمىز.

5. ياخشىغا ئىشارە، يامانغا جۇۋالدۇرۇز (ماقال).

> **سۈپەتلەر جۈملىدە تولىراق ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. سۈپەتلەر جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ ئىسىملارنىڭ ھەر خىل بەلگىلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: يېزىمىزغا يېڭى كىنوخانا سېلىندى (قانداق كىنوخانا؟ — يېڭى كىنوخانا). كەڭ ئېتىزنى ئاپئاق كېۋەزلەر قاپلىدى (قانداق ئېتىزنى؟ — كەڭ ئېتىزنى، قانداق كېۋەزلەر؟ —

ئاپئاق كېۋەزلەر) . ئابلەت — تىرىشچان بالا (قانداق بالا؟ — تىرىشچان بالا) .

102 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن سۈپەتلەرنى تېپىڭلار.

ئەتىياز

ئاق - قارا، كۆك مۇزلۇق باغنىڭ يېمىشى
قىش ۋاقتى ئۆتتى. چېچەك ئېتىشتى.
جاھاندىكى قار خۇشخۇي سايرىشىپ،
ئېرىدى يوقتى. قۇشلار كېلىشتى.

كۆك چىمەن گۈلنىڭ
خۇش پۇراقلىرى
كۆڭۈلگە شادلىق
تۇيغۇ بېرىشتى.

**سۈپەتلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئىگىنىڭ ھەر خىل سۈپەتلىرىنى بىلدۈرۈپ خەۋەر بولىدۇ.**

مەسىلەن: ئۇرۇمچىنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل (نېمىسى گۈزەل؟ — مەنزىرىسى گۈزەل) . ئايشەمنىڭ خېتى چىرايلىق (نېمىسى چىرايلىق؟ — خېتى چىرايلىق) . قادىر ئۆگىنىشتە، ئەخلاقتا، ئىنتىزامدا ياخشى (كىم ياخشى؟ —

قادىر ياخشى). بىزنىڭ ئۆي مەكتەپكە يىراق (نېمە يىراق؟ — ئۆي يىراق). بىزنىڭ سىنىپ يورۇق (نېمە يورۇق؟ — سىنىپ يورۇق).

103 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنى ئوقۇپ، خەۋەر بولۇپ كەلگەن سۈپەتلەرنى تېپىڭلار.

1. ياخشى — ئىشى بىلەن ياخشى. 2. قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ. 3. قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق. 4. ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھورۇننىڭ جېنى (تاتلىق). 5. مۇشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن. 6. مىڭ ئاڭلىغاندىن، بىر كۆرگەن ئەلا. 7. كۆز قورققاق، قول باتۇر. 8. يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.

**سۈپەتلەر ئىسىم مەنىسىدە كەلگەندە، جۈملىدە ئىگە ھەم تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

**سۈپەتلەر ئىگە بولۇپ كەلسە، باش كېلىشتە كېلىدۇ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسە، چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ) (ماقال). (كىم سۆزلەيدۇ؟ — ياخشى سۆزلەيدۇ، يامان سۆزلەيدۇ، ياخشى بىلەن يامان — ئىگە). بۇ گۈلنىڭ قىزىلى چىرايلىق

(قاندىقى چىرايلىق؟ — قىزىل چىرايلىق، قىزىل — ئىگە). كىچىكلەر ئالدىغا تىزىلىڭلار. (كىملەر تىزىلىدۇ؟ — كىچىكلەر تىزىلىدۇ، كىچىكلەر — ئىگە). مەن ياغلىقنىڭ يېشىلىنى ياخشى كۆرىمەن (قاندىقىنى ياخشى كۆرىسىز؟ — يېشىلىنى ياخشى كۆرىمەن، يېشىلىنى — تولدۇرغۇچى). مەن دەپتەرنىڭ چوڭىدىن بىرنى ئالدىم (قاندىقىدىن ئالدىڭ؟ — چوڭىدىن ئالدىم، چوڭىدىن — تولدۇرغۇچى). شەرەپ قەھرىمانلارغا مەنسۇپ (كىمگە مەنسۇپ؟ — قەھرىمانلارغا مەنسۇپ، قەھرىمانلارغا — تولدۇرغۇچى). چوڭلاردا تەجرىبە كۆپ (كىملەردە كۆپ؟ — چوڭلاردا كۆپ، چوڭلاردا — تولدۇرغۇچى).

**104 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆپەتلەر بىلەن تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن سۆپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ياشلار جۇرئەتلىك بولۇشى كېرەك. 2. چوڭلار ئالدىدا، كىچىكلەر كەينىدە مېڭىڭلار. 3. چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش لازىم. 4. ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، يامانىنى ماختىساڭ ئادىشىدۇ (ماقال). 5. بۇ پايپاقنىڭ چوڭراقىدىن يوقمۇ؟ 6. بۈگۈنكى يىغىندا ئىلغارلارنى مۇكاپاتلايدىكەن. 7. بۈگۈنكى يىغىنغا ئەر ـ

ئايال، قېرى - ياش ھەممىسى قاتناشتى. 8. مەن كىچىكلەر بىلەن بىللە ئولتۇراي. 9. ياشلاردا يۈك- سەك غايە بولۇشى كېرەك.

**105 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ شۇ جۈملىلەردە قانداق ۋەزىپىلەردە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

مەن ئالىملارنىڭ بېغىغا كىردىم. ئۇلارنىڭ بېغى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىكەن. باغدا ھەر خىل مېۋىلەر بار ئىكەن. ئالىم مېنى يوغان بىر تۈپ ئالمىنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى. قىپقىزىل ئالمىلار شاخلاردا ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. ئالمىنىڭ چوڭلىرى پىيالىدەك كېلەتتى. ئالىم ماڭا ئالمىنىڭ ئەڭ يوغىنىدىن ئىككىنى ئۈزۈپ بەردى. كېيىن گۈل- لۈككە باردۇق، ئۇ يەردە سېرىق، ئاق، قىزىل، كۆك . . . ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ «قايسى گۈلنى ياخشى كۆرىسەن؟ — دەپ سورى- دى. مەن ئاۋۇ ئەتىر گۈلنىڭ قىزىلىنى ياخشى كۆرىمەن» ، — دېدىم. ئۇ ماڭا ئەتىرگۈلنىڭ قىزىلىدىن ئىككى تال ئۈزۈپ بەردى.

**106 - كۆنۈكمە:** ئۈزۈڭلار ئويلاپ بىرنەچچە جۈملە تۈزۈڭ- لار. ئۇ جۈملىلەردە سۆپەتلەر بولسۇن ھەمدە ئۇ سۆپەتلەر جۈملىلەردە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى ھەم تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سوپەت توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

107 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى مەسىلنى ئوقۇپ، توپ سوپەت-
لەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ياسالما سوپەتلەرنىڭ ئاستىغا
ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

تۈلكە بىلەن ئۈزۈم

ئاچ تۈلكە ئۈزۈملۈك بىر باغقا كىردى:
باراڭلاردا ئۈزۈملەر تۇراتتى پىشىپ،
ساپاقلار ياقۇتتەك تاۋلانماقتا ئىدى،
ھەر بىرى تۈلكىنىڭ كۆزىنى ياندۇرۇپ.
شۇنىسى يامانكى، ئۈزۈم بەك ئېگىز،
تۈلكە بەك ئۇرۇندى، ئالالمىدى ھەرگىز،
غۇچۇرلىدى چىشلىرى، ئاقتى شۆلگەي بەك،
ئۈزۈملەر خوپ تاتلىق، خۇددى ھەسەلدەك.
بىكارغا ئاۋارە بولۇپ بىر سائەت،
كېتەرىدە چىدىماي دېدى «نېمە ھاجەت!
كۆرۈنۈشكە ياخشى، لېكىن ئاچچىق غورا،
بىر تالمۇ پىشىپ يېتىلگىنى يوقتۇ،
يېگىنىڭ بىلەنمۇ چىش قاماشتۇرىدۇ.»

**108 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قويۇڭلار.

1. مەكتەپنىڭ ئالما... بېغى بار. 2. ئۇنىڭ يولۋاس... كۈچى بار. 3. بالا... ئۆي بازار، بالا... ئۆي مازار (ماقال). 4. بۇ يول بەكمۇ تېيىل... ئىكەن. 5. نۇرنىسا ئۆگىنىشتە تىرىش... . 6. دېڭىزنىڭ سۈيى تۇز... . 7. مەكتىپىمىزنىڭ مەنزىرىسى چىراي... . 8. ياسىن ئۇرۇش... بالا ئەمەس. 9. تاغ... . قىيىنچىلىق بولسىمۇ باش ئەگمەيمىز. 10. ئەسقەر ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان... قوبۇل قىلىنىپتۇ.

**109 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ، كەمسىتىش سۈپەتلەرنى ياساڭلار.

ئاق، قىزىل، سېرىق، يېشىل، كۆك، قارا، هال رەڭ.

**110 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئېيتىشنى ئوقۇپ، سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىلەردە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

### كەلمەيدۇ

. . . . . . . .

ئا: ئالدامچى توغرى كەلمەيدۇ،
ياخشى ئادەم ئوغرى كەلمەيدۇ.

ئەل ئوغلىدىن قۇۋلۇق كەلمەيدۇ،
مەردتىن شۇملۇق كەلمەيدۇ.
ب: ياماندىن ۋاپا كەلمەيدۇ،
ياخشىدىن جاپا كەلمەيدۇ.
ناداندىن پايدا كەلمەيدۇ،
تەلۋىدىن قايدا كەلمەيدۇ.

ئا: بىلىم جاپاسىز كەلمەيدۇ،
نەتىجە خاتاسىز كەلمەيدۇ.
توپلەي پىستانسىز كەلمەيدۇ،
سەۋر - تاقەت دەرمانسىز كەلمەيدۇ.
ب: ئاتا - ئانا مېھرىسىز كەلمەيدۇ،
زېرەك پەمسىز كەلمەيدۇ،
ئىنسان غەمسىز كەلمەيدۇ.
ئا: ئەدەپ - ئەخلاق كىبىرلىك كەلمەيدۇ،
غەيرەتسىز تەدبىرلىك كەلمەيدۇ.
قۇرۇق سۆزدىن بەخت كەلمەيدۇ،
ھۇرۇنغا ۋاقىت كەلمەيدۇ.
پۇشايماندىن شادلىق كەلمەيدۇ.
ب: ھىممەتلىك ئادەم يامان كەلمەيدۇ،
قۇرۇق خىيالدىن دەرمان كەلمەيدۇ،
شەپقەتسىزدىن ئىناۋەت كەلمەيدۇ،
شەرەپسىز ھۆرمەت كەلمەيدۇ.

ئا: ئادالەت يولى تار كەلمەيدۇ،
چىراغ نۇرى قارا كەلمەيدۇ.
ھەسەل ئاچچىق كەلمەيدۇ،
نەسىھەت تاتلىق كەلمەيدۇ،
غەپلەتتىن شادلىق كەلمەيدۇ.
ب: مۇڭگۇزسىز كالا كەلمەيدۇ،
كۆڭۈللۈك ئىش چالا كەلمەيدۇ،
ھوشيارغا بالا كەلمەيدۇ.
. . . . .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سانلارنىڭ ئىملاسى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئۇ جۈملىلەردىكى بەزى سانلارنىڭ خەت بىلەن، بەزى سانلارنىڭ رەقەم بىلەن ۋە بەزىلىرىنىڭ ئارىلاش يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

1. بىر بەش مو يەرگە بۇغداي، ئۈچ مو يەرگە قوناق، سەككىز مو يەرگە كېۋەز تېرىدۇق.

2. بىزنىڭ سىنىپتا 23 نەپەر ئوغۇل، 25 نەپەر قىز، جەمئىي 48 نەپەر ئوقۇغۇچى بار.

3. مەكتىپىمىزدە 757 نەپەر ئوقۇغۇچى بار.

4. بۇ يىل بىز 2000 جىڭ پاختا، 3280 جىڭ قوناق، 4328جىڭ بۇغداي ئالدۇق.

5. شەھىرىمىزدە 1 مىليون 434 مىڭ 860 نوپۇس بار.

**ئون ئىچىدىكى سانلار تېكىست ئىچىدە كەلگەندە خەت بىلەن يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئىككى كىتاب، يەتتە دەپتەر، ئون بالا، توققۇز ياش، بەش كىلوگرام ئالما.

**ئوندىن يۇقىرى بولغان ئىككى، ئۈچ، تۆت خانىلىق سانلار رەقەم بىلەن يېزىلىدۇ.**

**مەسلەن:** 12 ئوقۇغۇچى، 480 قوي، 9657 جىڭ ئاشلىق.

> تۆت خانىلىقتىن يۇقىرى بولغان سانلىق مەلۇماتلار ئارىلاش يېزىلىدۇ.

**مەسلەن:** 95 مىڭ 715 تۇياق چارۋا، 14 مىليون 586 مىڭ 275 جىڭ قوناق.

> دەرىجە سانلارنى رەقەم بىلەن يازغاندا، ساناق سانلارغا ئۇلىنىدىغان «نچى، ىنچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئورنىغا سىزىقچە (ـ) قويۇلىدۇ.

**مەسلەن:** 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 5 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ، 3 ـ دوختۇرخانا، 512 ـ ئۆي.

> كەينى ـ كەينىدىن ئېيتىلغان ئىككى سانىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (ـ) قويۇپ يېزىلىدۇ.

**مەسلەن:** بەش ـ ئالتە ئوقۇغۇچى، 15 ـ 20 دەپتەر، 80 ـ 90 كىلومېتىر يول.

> رەت تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلاردىن كېيىن سىزىقچە (ـ) قويۇلماي، چېكىت (.) قويۇلىدۇ.

**مەسلەن:**

رىئايە قىلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1. دەرسكە كېچىكمەسلىك.

2. دەرس ئىنتىزامىنى ياخشى ساقلاش.

3. دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش.

4. . . . .

**111 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، يازغاندا سانلارنى رەقەم بىلەن كۆچۈرۈڭلار. كەينى - كەينىدىن ئېيتىلغان سانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇڭلار.

1. ئوقۇغۇچىلار ئون بىر ئون ئىككى كىلومېتىر يولنى پىيادە باستى. 2. ئۇلار ئۇ يەردە ئون بەش-يىگىرمە كۈن بولدى. 3. قۇربانىنىڭ دادىسى ئەللىك ئاتمىش ياشلاردا بار. 4. تاۋۇزلۇقتىن ئون ئالتە ئون يەتتە كىلوگرام كېلىدىغان تاۋۇزلارنى ئالدۇق. 5. قويچى هاموت ئۈچ تۆت يۈز قوينى ئۆزى يالغۇز بېقىۋاتىدۇ.

**112 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، خەت بىلەن يېزىلىدىغان سانلارنى خەت بىلەن، رەقەم بىلەن يېزىلىدىغان سانلارنى رەقەم بىلەن يېزىڭلار.

سىنىپىمىزنىڭ كىچىك قىرائەتخانىسىدا قىرىق، ئەللىك پارچىدەك كىتاب بار. ئۇلارنىڭ ئون بەش، يىگىرمە پارچىسى بالىلارغا ئائىت هېكايە كىتاب، يىگىرمە، يىگىرمە بەش پارچىسى رەسىملىك كىتاب، ئۇلاردىن باشقا يەنە يەتتە، سەككىز

پارچە پەننىي كىتابلارمۇ بار. مەن يېقىندا سىنىپدىمىزنىڭ كىچىك قىرائەتخانىسىغا يەنە ئۈچ، تۆت پارچە كىتاب تەقدىم قىلدىم. ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە يەنە سەككىز، توققۇز پارچىدەك كىتاب تەقدىم قىلدى. كىتابلارنىڭ سانى ئاتمىش، يەتمىشكە يەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 23. سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار

سان ساناق سانلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: بىرلەر، بەشلەر، ئونلار، يۈزلەر، مىڭلار

ساناق سانلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ئۇلار سانىنىڭ مۆلچەرلەپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: مەن كەچ سائەت بەشلەردە قايتىپ كېلىمەن. بىز ئەتىگەن سائەت ئالتىلەردە ئورنىمىزدىن تۇرىمىز. ئۇنىڭ يېشى ئونلاردا بار.

سانلارغا ئىسىملارنىڭ كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاشقا بولىدۇ. قوشۇمچىلار ئۇلانغان سانلار ئىسىم مەنىسىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن: تۆتكە بەشنى قوشساق، توققۇز بولىدۇ. مەن، ئازاد، گۈلسۈم ئۈچىمىز سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب - دەپتەرلىرىنى تەكشۈردۇق. سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەتتىسى «ئۈچتە

ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالاندى.

| خەت بىلەن يېزىلغان سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار قوشۇپ يېزىلىدۇ. |
|---|

مەسىلەن: ئىككىڭلار بىللە قايتىپ كېتىڭلار. يەتتىدىن تۆتنى ئالسا، ئۈچى قالىدۇ. مەن بۇ يىل بەشىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتىمەن. بىزنىڭ ئۆيگە ئونچە ئادەم كەلدى. سەن سائەت تۆتكىچە قايتىپ كەلگىن.

| رەقەم بىلەن يېزىلغان سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار رەقەملەرگە قوشۇپ يېزىلىدۇ. |
|---|

مەسىلەن: سىز دۇنيادىكى 12نەرسىنىڭ 11ئىنى (ئون بىرنى) ئۆزىڭىزگە قالدۇرۇپ، بىرىنى بو-شاتسىڭىز بولامدۇ؟ ئۇ يەرگە 25 ئادەمنىڭ 16 سى (ئون ئالتىسى) كەتتى. 17 دىن (ئون يەتتىدىن) تۆتنى ئالسا، 13 ى (ئون ئۈچى) قالىدۇ. ئاينىڭ 15 ى (ئون بەشى) يورۇق، 15 ى (ئون بەشى) قاراڭغۇ (ماقال).

سانلارنىڭ قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كې-لىشىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سانلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۆلگىسى

| كېلىشلەر | ساناق سانلار ـ نىڭ تۈرلىنىشى | دەرىجە سانلارنىڭ تۈرلىنىشى |
|---|---|---|
| باش كېلىش | بەش، ئون | بەشىنچى، ئونىنچى |
| ئىگىلىك كېلىش | بەشنىڭ، ئوننىڭ | بەشىنچىنىڭ، ئونىنچىنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | بەشنى، ئوننى | بەشىنچىنى، ئونىنچىنى |
| يۆنىلىش كېلىش | بەشكە، ئونغا | بەشىنچىگە، ئونىنچىغا |
| چىقىش كېلىش | بەشتىن، ئوندىن | بەشىنچىدىن، ئونىنچىدىن |
| ئورۇن كېلىش | بەشتە، ئوندا | بەشىنچىدە، ئونىنچىدا |

# ساناق سانلارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| شەخسلەر | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس | بەشىم، ئۈچۈم | بەشىمىز، ئۈچىمىز |
| II شەخس | بەشىڭ، ئۈچىڭ | بەشىڭلار، ئۈچىڭلار |
| III شەخس | بەشى، ئۈچى | بەشى، ئۈچى |

**113 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، سانلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارغا قانداق قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. مەن تۈنۈگۈن سائەت 12 لەردە قايتىپ كەلدىم. 2. مەن يەتتىگە تولغاندا مەكتەپكە كىرگەن، 13 ياشتا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرىمەن. 3. بەكرى تۆتىنچى يىللىق سىنىپتىن بەشىنچى يىللىق سىنىپقا ئەلا نەتىجە بىلەن كۆچتى. 4. ئوندىن ئالتىنى ئالساق، تۆتى قالىدۇ. 5. بەشكە ئۈچنى قوشساق، سەككىز بولىدۇ. 6. بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككىسى مەكتەپ پۈت-

بول كوماندىسىغا قاتناشتى. 7. سىنىپىمىزدا 45 ئوقۇغۇچى بار، ئۇلارنىڭ 20سى ئوغۇل، 25 ى قىز. 8. مەن 1979 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۇغۇلغان. 9. بۇ سانىنىڭ بىرلەر خانىسى نەچچە؟ ئونلار خانىسىچۇ؟ 10. ئۇنىڭ يېشى 20 لەر ئەتراپىدا ئوخشايدۇ.

**114 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە تەركىبىدىكى سانلار قائىدىگەئۇيغۇن يېزىلسۇن.

1. دادام ماڭا ئون ئىككى دەپتەر، 2 قەلەم ئېلىپ بەردى. 2. بىرىنچى گۇرۇپپىدا ئون ئالتە ئوقۇغۇچى بار، ئۇلارنىڭ 7 سى مەيدان تازىلايدۇ، 9 ى مەكتەپ بېغىدا ئەمگەك قىلىدۇ. 3. بىز 6 مىز 1 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى بولدۇق. 4. ئۇكام بۇ يىل ئىككى - سىنىپقا كۆچتى. 5. بۈگۈنكى مۇسابىقىغە يىگىرمە بەشچە ئوقۇغۇچى قاتناشتى. 6. مۇشۇ ئاينىڭ 17بىنچى كۈنى ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. 7. سىلەر 6 ڭلار بىر گۇرۇپپا بولۇڭلار. 8. بىز ئاتمىش يەتتىنچى قورۇدا ئولتۇرمىز. 9. 8 گە 7 نى قوشسا، ئون بەش بولىدۇ. 10. يىگىرمە تۆتتىن ئون سەككىزنى ئالسا، 6 سى قالىدۇ.

**115 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سانلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار.

2، 5، 10، 18، 152، 14720، 1298674.

## 24. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، سانلارغا سوئال بې-رىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلى-كىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. ئىككىمىز مەكتەپكە بىللە بارىمىز.
2. ئون - جۈپ سان.
3. بىزنىڭ ھويلىدا ئىككى تۈپ ئالما كۆچىتى بار.
4. مېنىڭ پارتامنىڭ نومۇرى 164.
5. تۆتكە تۆتنى قوشسا سەككىز بولىدۇ.
6. مەن بۇ كىتابنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىق-تىم.

1 - جۈملىدىكى «ئىككىمىز» دېگەن سان «نەچچىڭلار» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ، جۈملى-دە ئىگە بولۇپ كەلگەن. 2 - جۈملىدىكى «ئون» دېگەن سان ئىسىم ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «قانچە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ، جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن. 3 - جۈملىدىكى «ئىككى» دېگەن سان ئالمىنىڭ تۈپ سانىنى ئېنىقلاپ، جۈملىدە ئېنىقلى-غۇچى بولۇپ كەلگەن. 4 - جۈملىدىكى «164»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

دېگەن سان جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئىگىنىڭ سانىنى بىلدۈرۈپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن. 5 ـ جۈملىدىكى «تۆتكە تۆتنى» دېگەن سانلار ئىسىم ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «قانچىگە؟ قانچىنى؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن، «سەككىز» دېگەن سان «بولىدۇ» دېگەن ياردەمچى پېئىل بىلەن بىللە خەۋەر بولۇپ كەلگەن. 6 ـ جۈملىدىكى «بىر» دېگەن سان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قېتىم سانىنى بىلدۈرۈپ، «نەچچە قېتىم؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ، ھالەت بولۇپ كەلگەن.

**سانلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى سان جەھەتتىن ئېنىقلاپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.**

**سانلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە قوشۇمچىلار ئۇلانمايدۇ.**

مەسىلەن: قاسىملارنىڭ 45 قويى بار. بىزنىڭ سىنىپقا يېڭىدىن يەنە ئىككى ئوقۇغۇچى كەلدى. مەكتىپىمىزدە 15 سىنىپ بار. مەن 12 ياشقا كىردىم.

**سانلار جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، خەۋەر بولالايدۇ. خەۋەر بولۇپ كەلگەن سانلارغا بەزىدە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: بۈگۈن ئۈچىنچى ئايغا 18. ئەخمەتنىڭ

يېشى 13 تە. بۇ ئىشنى قىلغان — ئۈچىمىز.

> سانلار جۈملىدە شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىگە ۋە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.
> سانلار جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلسە، قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلار؟ نەچچىلار؟ قانچىسى؟ نەچچىسى؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، قانچىنى؟ نەچچىنى؟ قانچىگە؟ نەچچىگە؟ قانچىدىن؟ نەچچىدىن؟ قانچىدە؟ نەچچىدە؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بولىدۇ.

مەسلەن: ئون — ئىككىگە بۆلۈنىدۇ (ئون — ئىگە). ئۇلارنىڭ ئىككىسى خەنزۇچە سۆزلىيەلمەيدىكەن (ئىككىسى — ئىگە). بەشىڭلار سىنىپ تازىلاڭلار (بەشىڭلار — ئىگە). بەشنى تۆتكە كۆپەيتسە، 20 بولىدۇ (بەشنى، تۆتكە — تولدۇرغۇچى). سەككىز ئالتىدىن چوڭ (ئالتىدىن — تولدۇرغۇچى).

> سانلار جۈملىدە پېئىللارنى ئىنقىلاپ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى ۋە قېتىم سانىنى بىلدۈرۈپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

مەسلەن: مەن ھاشىملارنىڭ ئۆيىگە ئۈچ قېتىم باردىم. تېكىستنى ئىككى قېتىم ئوقۇڭلار. مەن سائەت بەشتە قايتىپ كېلىمەن.

**116 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ.

لار. سانلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەممە ئۇلارنىڭ قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

1. ئاكام ماڭا ئاق قەغەزدىن بەش دەپتەر ياساپ بەردى ( ). 2. مەن 13 يېشىمدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرىمەن ( ). 3. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بىزنىڭ سىنىپتىن ئىككى ئوقۇغۇچى مۇكاپاتلاندى ( ). 4. مەن بۇ كىنونى ئىككى قېتىم كۆرگەن ( ). 5. گۇرۇپپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەككىزى ئوغۇل، يەتتىسى قىز ( ). 6. بۇ ئالما سىلەرگە ئۈچتىن تېگىدۇ ( ). 7. بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تېلېفون نومۇرى — 27630 ( ). 8. ئۇلار كۆكتات ئۆرۈقىدىن ئىككى خالتا يىغىپتۇ ( ). 9. ماڭا بۇ كىتابتىن ئىككىسى كېرەك ( ). 10. مەن بۇ يىل 12 گە كىردىم ( ).

**117 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب يېزىڭلار.

سىز قاچان (قايسى يىلى، نەچچىنچى ئاينىڭ نەچچىنچى كۈنى)، نەدە (قايسى شەھەر، قايسى ناھىيە، قايسى يېزا ياكى كوچا، نەچچىنچى نومۇرلۇق قورۇ) تۇغۇلدىڭىز؟ ئۆيىڭىزدە نەچچە جان

بار؟ ئۇلار كىم؟ (ئىسمى، يېشى) . سىز ھازىر قايسى مەكتەپ، نەچچىنچى يىللىق، نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇيسىز؟ سىنىپىڭلاردا قانچە ئوقۇغۇچى بار؟ ئۇنىڭ نەچچىسى ئوغۇل؟ نەچچىسى قىز؟

**118 - كۆنۈكمە:** ئۆزۈڭلار ئويلاپ، سەككىز جۈملە يېزىڭلار. ھەربىر جۈملىدە سانلار بولسۇن ھەمدە ھەر خىل ۋەزىپىلەردە كەلسۇن.

## 25 . ئالماش

مەن ئەلاچى بولۇشقا تىرىشىمەن. ھامۇت، سەن دەرسلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈۋاتىسەن. سادىق بىزنىڭ سىنىپتا ئوقۇيدۇ، ئۇ مېنىڭ ياخشى دوستۇم. بۇ — كىمنىڭ دەپتىرى؟ ئاۋۇ — بىزنىڭ مەكتەپ. قاسىم ئەخلاقلىق بالا، سەنمۇ شۇنداق باللاردىن بولۇشۇڭ كېرەك. يەتتىگە ئالتىنى قوشسا، 13 بولىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە يەتتىنى قوشسا، نەچچە بولىدۇ؟

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان ئالماشلار قانداق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن؟

**جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت ۋە سانلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسلەن: ھاكىم ياخشى ئوقۇيدۇ، ئۇ ناھايىتى تىرىشچان بالا. قەلبىنۇر ئۆتكۈر قىز، ئۇنداق باللار بىزنىڭ سىنىپتا خېلى كۆپ. توققۇزنى ئۈچكە بۆلسەك، ئۈچتىن تېگىدۇ، ئۇنىڭغا تۆتنى قوشساق، يەتتە بولىدۇ. بىزنىڭ مۇئەللىم — ئاۋۇ. بۇ سوئال

خېلى تەس ئىكەن.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ئۇ» دېگەن ئالماش «هاكىم» دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا، «ئۇنداق» دېگەن ئالماش «ئۆتكۈر» دېگەن سۈپەتنىڭ ئورنىغا، «ئۇنىڭغا» دېگەن ئالماش «ئۇچكە» دېگەن ساننىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن. «ئاۋۇ، بۇ» دېگەن ئالماشلار «مۇئەللىم، سوئال» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئورنىدا كېلىپ، شۇ ئىسىملارنى كۆرسىتىش، ئاي-رىش ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرغان.

ئالماشلار بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىز بۇ دەرسلىكتە ئالماشلارنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى تۈرى بىلەنلا تونۇشىمىز.

1. كىشىلىك ئالماشلار. 2. كۆرسىتىش ئال-ماشلار.

> **جۈملىدە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان ئالماشلار كىشىلىك ئالماشلار دەپ ئاتىلىدۇ.**
>
> **كىشىلىك ئالماشلارغا كىم؟ كىملەر؟ دېگەن سوئال بېرىلى-دۇ.**

**مەسلەن:** مەن (كىم؟) دىلدارنى تونۇي-مەن، ئۇ — (كىم؟) ئەخلاقلىق قىز. ئازادەم، سىز (كىم؟) بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ ئا-لىمجانلار تېخىچە كەلمىدى، ئۇلار (كىملەر؟) قا-چان كېلىمىز دېگەنىدى؟

كىشىلىك ئالماشلار ئۈچ شەخستە ئىپادىلىنىدۇ.
I شەخس: مەن، بىز
II شەخس: سەن، سىز، سىلى، سىلەر
III شەخس: ئۇ، ئۇلار

سۆزلىگۇچى ئۆزىنى — مەن (كۆپلۈك بولسا — بىز)، ئىككىنچى شەخسنى — سەن (سىلىق تۈرى — سىز، سىلى، كۆپلۈك بولسا — سىلەر)، ئۈچىنچى شەخسنى — ئۇ (كۆپلۈك بولسا — ئۇلار) دەپ ئىپادىلەيدۇ.

ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆرسىتىش، ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماشلار كۆرسىتىش ئالماشلار دەپ ئاتىلىدۇ.
كۆرسىتىش ئالماشلار مۇنۇلار: ئۇ، بۇ، شۇ، ئەنە، مانا، مۇشۇ، ئاشۇ، شۇلار، ئاۋۇ...

مەسىلەن: بۇ — كىم؟ بۇ — داۋۇت. بۇ نېمە؟ بۇ — باغ. ئاۋۇ نېمە؟ ئاۋۇ — كىتابخانا. مۇنۇ — بىزنىڭ ئۆي. بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن كىشى — ئەنە. سېنىڭ كىتابىڭ مانا.

119 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىڭلار.
I شەخس كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق،
II شەخس كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق،
III شەخس كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ ئاستىغا ئۈچ سىزىق سىزىڭلار.

ئۇ دەررۇ سۇدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، ئوپئول -

تويۇل كۆچىنىڭ بارچە ۋارقىراپتۇ.

— مەن تاپتىم، مەن ئۆيلاپ تاپتىم! — لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېچكىم يوق ئىكەن. بۇ كۆتۈلمىگەن ھادىسىدىن قورقۇپ كەتكەن پاقىلار دەرھال يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. كېيىن ئۇلار سۇدىن چىقىپ، بۇ پاقىغا ھەيران بولۇپ قارىشىپتۇ.

ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ ۋەقەنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئويلاپ ۋە ئاخىرىدا ئۆردەكلەر بىلەن ساياھەت قىلىشنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى يېڭى ئۇسۇلىنى تاپقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۆردەكلىرى بولغانلىقىنى، ئۇلار ئۇنى خالىغان تەرەپلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، گۈزەل جەنۇبتا بولغانلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردە ئاجايىپ سازلىقلارنىڭ كۆپلۈكىنى، چىۋىن، پاشا ۋە باشقا ئوزۇقلۇقلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئەمدى سىلەرنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىش، كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. باھارغىچە مۇشۇ يەردە بولىمەن. ئۆردەكلىرىمنى ئازاد قىلىۋەتتىم. ئۇلار كۈزكەلمەدە كېلىپ، مېنى ئېلىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. لېكىن ئۆردەكلەر قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇلار پاقا يەرگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ مىجىقى چىقىپ كەتتى، دەپ ئويلىشىپ ئۇنىڭغا

ناھايىتى ئىچىنىپتۇ.

**120 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، كۆرسىتىش ئالماشلارنى تېپىڭلار.

1. بىز بۈگۈن مۇنۇ ماقالىنى ئوقۇدۇق. 2. سىلەر ماۋۇ بالىنى تونۇمسىلەر؟ 3. ئەنە، ئاۋۇ كۆرۈنگەن — بىزنىڭ مەكتەپ. 4. سىلەرنىڭ تازىلايدىغان مەيدانىڭلار — ئاۋۇ. 5. قادىر، سەن يۇتتۇرۇپ قويغان قەلەم — مانا. 6. بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 7. ھەممىنى قىلغان — ئاشۇ. 8. ئۇ كىتابنى كىم ئاپتۇ؟ 9. ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان ئاۋۇ كىشى — بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مۇدىرى. 10. مۇنۇ بالىنىڭ ئىتى — دولقۇن.

**121 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئالماشلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار.

مەن، بىز، سەن، سىز، سىلى، سىلەر، ئۇ، ئۇلار، مانا، ئەنە، ئاۋۇ

مەن سىلەرنى كۆرگىلى كەلدىم

# 26. ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى

كىشىلىك ئالماشلار بىلەن كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئىسىملارغا ئوخشاشلا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ.

## كىشىلىك ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | |
| باش كېلىش | مەن | سەن | ئۇ | بىز | سىلەر | ئۇلار |
| ئىگىلىك كېلىش | مېنىڭ | سېنىڭ | ئۇنىڭ | بىزنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مېنى | سېنى | ئۇنى | بىزنى | سىلەرنى | ئۇلارنى |
| يۆنىلىش كېلىش | ماڭا | ساڭا | ئۇنىڭغا | بىزگە | سىلەرگە | ئۇلارغا |
| چىقىش كېلىش | مېنىڭدىن (مەندىن) | سېنىڭدىن (سەندىن) | ئۇنىڭدىن | بىزدىن | سىلەردىن | ئۇلاردىن |
| ئورۇن كېلىش | مېنىڭدە (مەندە) | سېنىڭدە (سەندە) | ئۇنىڭدا | بىزدە | سىلەردە | ئۇلاردا |

www.uyghurkitap.com

## كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۆلگىسى

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | مۇشۇ | شۇ | ئاۋۇ | مۇشۇلار | شۇلار | ئاۋۇلار |
| ئىگىلىك كېلىش | مۇشۇنىڭ | شۇنىڭ | ئاۋۇنىڭ | مۇشۇلارنىڭ | شۇلارنىڭ | ئاۋۇلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مۇشۇنى | شۇنى | ئاۋۇنى | مۇشۇلارنى | شۇلارنى | ئاۋۇلارنى |
| يۆنىلىش كېلىش | مۇشۇنىڭغا | شۇنىڭغا | ئاۋۇنىڭغا | مۇشۇلارغا | شۇلارغا | ئاۋۇلارغا |
| چىقىش كېلىش | مۇشۇنىڭدىن | شۇنىڭدىن | ئاۋۇنىڭدىن | مۇشۇلاردىن | شۇلاردىن | ئاۋۇلاردىن |
| ئورۇن كېلىش | مۇشۇنىڭدا | شۇنىڭدا | ئاۋۇنىڭدا | مۇشۇلاردا | شۇلاردا | ئاۋۇلاردا |

**121 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. «بىز» دېگەن ئالماشنىڭ جۈملىلەردە قايسى كېلىشتە تۈرلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىز بۈگۈن زاۋۇتقا باردۇق. ئىشچىلار بىزنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالدى. زاۋۇت رەھبەرلىكى بىزگە زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار بىزدىن يەنە «قانداق تەلىپىڭلار

بار؟ » — دەپ سورىدى. بىزنىڭ زاۋۇتتىكى ۋاقتى-
مىز ئىنتايىن كۆڭۆللۆك ئۆتتى. زاۋۇت بىزدە
ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

**122 - كۆنۆكمە:** تۆۋەندىكى ئالماشلارنى كېلىش قوشۇم-
چىلىرى بىلەن ئېغىزچە تۈرلەڭلار.

سىز، مۇشۇ، بىز، بۇ، ئاۋۇ، مۇنۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 27 . ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

ئالماشلار جۈملىدە ھەر خىل كېلىشلەردە كې-لىپ، جۈملىلەرنىڭ ھەر خىل بۆلىكى بولالايدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان ئالماشلارنىڭ قانداق سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغانلى-قىغا دىققەت قىلىڭلار.

1. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چېنىقىۋاتى-مەن. 2. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كىشى — ئاۋۇ. 3. سېنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەڭ ياخشى ئى-كەن. 4. قادىر سېنى ئۆيگە كېلىپ كەتسە دەي-دۇ. 5. بىز سېنىڭدىن ئۆگىنىمىز. 6. سىلەردە يەنە قانداق كىتابلار بار؟ 7. بۇ خەتنى كىم يازدى؟

> **باش كېلىشتە كەلگەن ئالماشلار جۈملىدە ئىگە بولىدۇ. بەزىدە خەۋەرمۇ بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: بىز ئەتىگەن قار تازىلىدۇق (بىز — ئىگە). ئاۋۇ — بىزنىڭ مەكتەپ (ئاۋۇ — ئىگە). ئۇلار قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟ (ئۇلار — ئىگە). سىلىنى ئىزدەپ كەلگەن كىشى مەن بولى-مەن (مەن بولىمەن — خەۋەر). بىزنىڭ ئۆي —

ئاۋۇ (ئاۋۇ — خەۋەر). ھەممە گەپنى تاپقان — سەن (سەن — خەۋەر).

> **ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئالماشلار ۋە ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كەلگەن كۆرسىتىش ئالماشلىرى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.**

**مەسىلەن:** بىزنىڭ مەكتەپتە 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇ مەكتەپ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئۇلارنىڭ پىكرى توغرا. ماۋۇ كىشى سىنى ئىزدەپ كەپتۇ. سىلەرنىڭ سىنىپ ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى بولۇپ باھالىنىپتۇ.

> **چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئالماشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.**

**مەسىلەن:** مۇئەللىم بىزگە ئىنقىلابىي قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بەردى. بىز سىلەرنى تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىمىز. مەن سىنىڭدىن ئۆگىنىمەن. مېنىڭدە سىنىڭ بىر كىتابىڭ بار. سىلەردە ياخشى تەجرىبىلەر بار ئىكەن.

**123 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار ھەم ئۇ ئالماشلارنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ

كەلگەنلىكىنى جۈملە ئاخىرىغا يېزىپ كۆرسىتىڭلار.

1. بىز ... سىنىپتا 37 پىئونېر بار. ( ) 2. رازىيە، سىلەر ... ئۆيگە مېھمان كەپتۇ. ( ) 3. سادىر، سەن ... ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى بارمۇ؟ ( ) 4. ئوقۇتقۇچىمىز بىز ... . دەرستىن سىرتقى پائالىيەتكە تەشكىللىدى. ( ) 5. بىز ئۇلار ... خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق. ( ) 6. ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى سەن ... رازى بولدى. ( ) 7. بىز سىلەر ... ئۆگىنىمىز. ( ) 8. بۇ گەپنى كىم تاپقان بولسا، شۇ ... سوراش كېرەك. ( ) 9. مەن بۇ ... قوشۇلمايمەن. ( )

**124 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىڭلار. كىشىلىك ئالماشلارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

بۇ بالا — ئەنە شۇ رۇنتۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا، ئۇ تېخى 11 ياشلاردا ئىدى، بىزنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە ھازىر 30 يىلچە بولۇپ قالدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ داداممۇ ھايات، ئۆي ئەھۋالىمىزمۇ ئوبدان بولۇپ، مېنىڭ تازا بايۋەتچىلەردەك ئۆسۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. شۇ يىلى بىزنىڭ ئائىلىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز روھىغا ئاتاپ چوڭ نەزىر - چىراغ بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى.

مۇنداق ۋەقەلەر ھەربىر ئائىلىدە 30 يىلدا بىر قې-
تىم ئايلىنىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇراسىم
ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلەتتى. 1 - ئايدا ھەر
خىل ئەڭ ياخشى تاماقلارنى ئەڭ ياخشى قاچىلارغا
سېلىپ، ئاتا - بوۋىلارنىڭ سۈرىتى ئالدىغا ئېلىپ
كېلىپ نەزىر قىلىشاتتى، ئىبادەت قىلغۇچىلار
شۇنچىلىك كۆپ يىغىلاتتىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قاچا-
قۇچىلارنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا
كېلەتتى. بىزدە پەقەت بىرلا مەزگىللىك مەدىكار
(بىزدە مەدىكار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: پۈتۈن يىل
بويى باشقىلارغا ئىشلەپ بېرىدىغانلار، ئۇلار تۇراق-
لىق مەدىكار دېيىلىدۇ؛ ئايلىق ئىشلەپ بېرىدىغان-
لار، ئايلىق مەدىكار دېيىلىدۇ؛ ئۆزىمۇ يەر تېرىپ
پەقەت ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ياكى ئوما ۋاقىتلىرى-
دا كېلىپ ياردەم قىلىدىغانلار مەزگىللىك مەدىكار
دېيىلىدۇ) بار ئىدى. ئۇ ھەممە ئىشقا يېتىشەلمەي-
دىغان بولغانلىقتىن، نەزىردە چىنە - قاچىلارنى
ساقلىتىش ئۈچۈن ئوغلى رۇنتۇنى ئېلىپ كېلىشنى
دادامغا ئېيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى www.uyghurkitap.com

# سان بىلەن ئالماش توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

**125 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ، سانلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار. ئۇلارنىڭ نېمە ئۇچۇن ھەر خىل شەكىللەردە يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

مائارىپنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا ھازىر دۇنيادا يىلىغا 650 مىڭ خىل كىتاب يېزىلىپ، مىنۇتىغا بىر كىتاب نەشر قىلىنىدۇ. كۈنىگە 900 خىل كەشپىيات يارىتىلىدۇ، ھەر كۈنى 1500 خىل ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە ئېلان قىلىنىدۇ. يالغۇز خىمىيە پەنلىرى بويىچە يىلىغا 400 مىڭ خىل ئەسەر يېزىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيا بويىچە ھەر يىلى ئېلان قىلىنىدىغان ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە 5 مىليوندىن، ئىختىرا، كەشپىياتلار 350 مىڭدىن ئارتۇق بولماقتا.

بىر كەسپىي ئائىلە 1000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئۈچ خىل ھايۋاندىن 100 نى سېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ باھاسى مۇنداق: بىر كالا 100 يۈەن، بىر قوي 50 يۈەن، بىر توخۇ بەش يۈەن ئىكەن. قېنى سىز ھېسابلاپ بېقىڭ، كالا قانچە؟ قوي قانچە؟

توخۇ قانچە؟

**126 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ-لار. قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن سانلارنىڭ ئاستىغا سى-زىڭلار ھەمدە ئۇ قوشۇمچىلارنىڭ قانداق قوشۇمچە ئىكەنلى-كىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بەش خانىلىق سانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خا-نىسى بىرلەر خانىسى دېيىلىدۇ. 2. سەن كەچ سائەت ئالتىلەردە ئۆيگە بىر كېلىپ كەتكىن. 3. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالاندى. 4. بۇ قېتىمقى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇ-سابىقىسىگە 400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قاتناشتى، ئۇلارنىڭ 124 ى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلى-رى. 5. بۇ ئۈچ ئالمىنىڭ ئىككىسىنى سەن ئالغاچ كەت، بىرىنى مەن يەي. 6. 24 تىن 17 نى ئېلى-ۋەتسەك نەچچىسى قالىدۇ؟ 7. مەن بۇ يىل توپتوغ-را 60 قا كىردىم. 8. ئۇنىڭ يېشى ئونلاردا بار.

**127 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ-لار. ئۇ جۈملىلەردىكى «ئالتە» دېگەن ساننىڭ قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى جۈملە ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە يې-زىپ كۆرسىتىڭلار.

1. ئالتە ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ. (    ) 2. ئالتىنىڭ ئىچىدە ئىككىدىن قانچىسى بار؟ (    ) 3. ئالتىنى بەشكە كۆپەيتسە، نەچچە بولىدۇ؟ (    ) 4. ئالتىدىن ئالتىنى ئالسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۆل قالىدۇ. ( ) 5. ئوتتۇزنى ئالتىگە بۆلسە، بەشتىن تېگىدۇ. ( ) 6. ئۇكام بۇ يىل ئالتە ياشقا كىردى. ( ) 7. مەن ھەر كۈنى سائەت ئالتىدە ئورنۇمدىن تۇرىمەن. ( ) 8. بۈگۈن ھەپتىگە ئالتە. ( )

**128 - كۆنۈكمە:** «15» دېگەن ساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش جۈملە تۈزۈڭلار. بۇ سان ئۇ جۈملىلەردە ھەر خىل بۆلەك بولۇپ كەلسۇن.

**129 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. ئارزۇگۈل — تىرىشچان قىز، ئۇ سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى. 2. بىز سىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمىز. 3. بۇ كىتابتا نۇرغۇن قىزىق ھېكايىلەر بار ئىكەن. 4. ئەنە، ئاۋۇ كېلىۋاتقان — بىزنىڭ مۇئەللىم. 5. قادىر، سېنىڭ ھېلىقى ئاغىنەڭ كەپتۇ. 6. مەن بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. 7. سەن ئىككى قېتىم كەلگەن بولساڭ، مەنمۇ شۇنچە قېتىم باراي. 8. قاسىمنىڭ شۇ كۈنى ئىشى چىقىپ قاپتۇ. 9. بىز مانا مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرىمىز.

**130 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كىشىلىك ئالماشلارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ھاشىم ئۆگىنىشتە ياخشى، ئۇ تىرىشىپ

ئۆگىنىدۇ. 2. ئۇ كىشىنى مەن بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ! 3. يولداش، ماڭا مۇشۇ كىتاب لازىم ئىدى. 4. ئاۋۇ بىنا ئېمىدېگەن ئېگىز - ھە! 5. سىلەرنىڭ ھېلىقى ئىشىڭلار ئانچە ياخشى بولماي قالدى. 6. مەن ئۇلارنى چاقىرىپ كېلەي. 7. ئۇ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس. 8. ئۇ — مېنىڭ دەپتىرىم. 9. بۇ خەتنى سەن يازدىڭمۇ؟ 10. سىلى ئاشۇ كۈنى كەلگەن بولسىلا ياخشى بولاتتى.

**131 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. كىشىلىك ئالماشلار بىلەن كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئېينىشتېين باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىدۇ. ئۇ ناھايىتى كەم سۆز بولغاچقا، بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنى دۆت دەپ مەسخىرە قىلىدۇ، مۇئەللىممۇ ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ. بىر كۈنى قول ھۈنىرى دەرسى ئۆتۈلگەندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ياسىغان نەرسىلىرىنى مۇئەللىمگە تاپشۇرىدۇ، مۇئەللىم لايدىن ياسالغان بىر دۆۋە ئۆردەك، قورچاق، مومدىن ياسالغان مېۋە قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى قاملاشمىغان بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ خاپا بولغان ھالدا: «مۇنداق قاملاشمى-

www.uyghurkitap.com

غان ئورۇندۇقنى قايسىڭلار كۆرۈپ باققان؟» دەپ سورايدۇ. باللارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. ئېينىشتېيننىڭ بولسا بېشى چۈشۈپ كېتىدۇ. مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ: «دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئىسكەتسىز ئورۇندۇق بارمۇ؟» دەيدۇ. ئېينىشتېين ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆۋەن ئاۋاز بىلەن «بار» دەيدۇ.

ساۋاقداشلىرى ئەجەبلەنگەن ھالدا ئېينىشتېينغا قارايدۇ. ئۇ پارتىسىدىن تېخىمۇ ئىسكەتسىز ئىككى ئورۇندۇقنى چىقىرىپ، پارتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: «مۇئەللىم، بۇ مېنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىم ياسىغانلىرىم، سىزگە تاپشۇرغىنىم بولسا ئۈچىنچى قېتىم ياسىغىنىم. ئۇ گەرچە ياخشى ياسالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىدىن ياخشىراق» دەيدۇ. مۇئەللىم ئۇنىڭ مۇنداق ئەستايىدىللىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

